# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

4

1995

www.uyghurkitap.com


# « شنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى »

( پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال )

1995 ـ يىل 4 ـ سان

ئومۇمىي 30 ـ سان

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئىسلامجان شېرىپ


## بۇ ساندا

### سىياسىي نەزەرىيە


يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى ئىدىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش
................................................................ يې فۇچاڭ 1
دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھۆكۈمەتنى پاك ـ دىيانەتلىك قىلىش نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ئاساسلىق ئۈچ مەزمۇنى
................................................................ ماۋمىنشىڭ 8
كارخانىلارنىڭ يۈكنى يەڭگىللىتىپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش ھەققىدە ........ تۇراخۇن توختى 11
سوۋېت مۇئەييەنلىكى ـ بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ...... سۇلايمان نىياز 16
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مەركەزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىغا قارىتىلغان كونكرېت سىياسەتلىرىنى ھەقىقى تۈردە ئەمەللەشتۈرۈش لازىم ............
................................................................ ئابدۇراخمان باقى 20


### مۇقام ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى


ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى ........................ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 23
لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى ................................ ئەنەيتۇللا قۇربان 35


### تارىخ، ئارخولوگىيە، ئاسارە ئەتىقە


تىبەتلەرنىڭ ئۇدۇندىكى ھۆكۈمرانلىقى توغرىسىدا ........ بەختىيار تۇرسۇن، مەمتىمىن مەڭلىك 47
دىيارىمىزنىڭ شىكەرچىلىك تېخنىكىسى ................................ مامۇت قۇربان 79


### پەن ـ مەدەنىيەت


پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئائىت بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا..................
................................................................ ئابدىغىنى قۇربان 55


### نەشرىياتچىلىق ـ يازغۇچىلىق


تەھرىرلىك — يازغۇچىلىق........................ ئىسلامجان شېرىپ 61
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مىللىي يېزىقنى ئاساس قىلغان نەشرىيات فاكچېننى ئىزچىل ئىجرا
قىلىش لازىم ........................ مەلىكەم مۇھەممەت 77


---


تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە تىزىلدى) :
ئابدۇرېھىم رەجەپ، ئابدۇكېرىم راخمان، ئاۋۇت توختى، سەمەت خېۋىر، شېرىپ ئىمىن، ئىسلامجان شېرىپ.



بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : ئىسلامجان شېرىپ، قەيسەر قەييۇم

# يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى ئىدىيسى ئۈستىدە ئىزدىنىش

بې فۇچاڭ

« دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » دىـ
كى مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكي باياناتلاردا ئېلىـ
مىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەت مەسىلىسىـ
نىڭ ماھىيىتى ئىلمىي تۈردە ئىگەللەنگەن ، ھازىرقى
باسقۇچتىكى پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ جۇڭگونىڭ
مىللىي مەسىلىلىرى ھەققىدىكى ئىگىزلىك نۇقتىئىنەـ
زەر ۋە تەشەببۇسلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن بايان قىـ
لىنغان ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تارىخى دەۋرـ
دە ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىـ
لىش توغرىسىدىكى مەيدان ، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇـ
سۇللىرىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ ،
بۇ جۇڭگو ئالاھىدىلىكىگە ئىگە سوتسىيالىزم قۇـ
رۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ، شۇنداقلا
بىزنىڭ يېڭى دەۋردە مىللىي خىزمەتنى ياخشى
ئىشلەشنىڭ كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالى . شۇڭا ، بۇ
ھەقتىكى بىر نەچچە مۇھىم مەسىلە ھەققىدە ئىزدىـ
نىپ كۆرۈمىز .

### I مىللىي خىزمەتتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزـ دەش پرىنسىپى ھەققىدە

مىللىي خىزمەتتە جەزمەن مىللىي رايونلارنىڭ
ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتـ
تىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئاساسى پرىنسىپنا چىڭ
تۇرۇش — پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ يېـ
ڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتلەردىكى تەدبىقلىنىـ
شى ۋە تەرەققىياتى . بۇ لۇشيەنىنىڭ ماھىيىتى بىزـ
نىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە
ئۇيغۇن كېلىشىنى ، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە
چىڭ ، قالاق ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەرنىڭ ۋە سوبيېكـ
تىپ بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ سىرتماقلىرىنى ئۈـ
زۈپ تاشلاپ ، كونىلىقنى ساقلايدىغان ، يېڭى
شەيئىلەرنى قوبۇل قىلمايدىغان روھى ھالەتنى

ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدۇ . دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشىـ
نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ، يولداش دېڭ شياۋـ
پىڭ غەربى - جەنۇب بىروسىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياـ
سەتچىلىك قىلغاندا مىللىي مەسىلىگە ئىنتايىن ئەھـ
مىيەت بەرگەن ، مىللىي خىزمەتلەردە ئەمەلىيەتنى
چىقىش قىلىشنى تەكىتلىگەن ئىدى . ئۇ غەربى - جەـ
نۇب رايونىدىكى مىللىي مەسىلىلەرنىڭ تارىخى ۋە
رېئال ئەھۋالى ئۈستىدە كەڭ ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ
تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا مۇنۇلارنى
ئوتتۇرىغا قويدى : « بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر راـ
يونىغا بىر پرىنسىپ بەلگىلىدۇق ، بۇ بولسىمۇ خەنـ
زۇلار رايونىدا يۈرگۈزۈلگەن ھەر جەھەتتىكى سىياـ
سەتلەرنى ، جۈملىدىن ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى
ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا كۆچۈرۈپ بارـ
ماسلىق ، قايسىلىرىنىڭ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ،
قايسىلىرىنىڭ تۈزۈتۈلگەندىن كېيىن ئۇيغۇن كېلىـ
دىغانلىقىنى ، قايسىلىرىنىڭ ئۇيغۇن كەلمەيدىغانـ
لىقىنى پەرقلەندۈرۈشتىن ئىبارەت . ئاز سانلىق مىلـ
لەتلەر رايونلىرىدا باشقىچە بىر يۈرۈش سىياسەتـ
لەرنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئۈچۈن سەممىي سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىش
كېرەك . »( 1 توم خەنزۇچە نەشرى 167 - بەت ) .
« بىزنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىمىز ھەقىقەتنى ئەمەلىـ
يەتتىن ئىزدەش ، سەممىي سادىق بولۇشتىن ئىباـ
رەت ......... بىز سىياسىي خىزمەت ، ئىقتىسادىي
خىزمەت ، مەدەنىيەت خىزمىتى ئىشلىگەندە ، بىردەك
مۇشۇنداق پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز كېرەك » ( 1 -
توم 170 - بەت ) . ئۇ يەنە دۆلىتىمىز قۇرۇلغان
دەسلەپكى مەزگىلدىكى غەربى - جەنۇب رايونىدا
يۈز بەرگەن مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە ئاساسەن ، مىلـ
لىي رايونلاردا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ، يەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىش مەزگىلىدە ، جەزمەن ئە-
مەلىيەتنى چىقىش قىلىش ، غەربىي - جەنۇب رايو-
نىدىكى مىللىي مۇناسىۋەت ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەت-
نى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ،
« ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش » كە ، ھېچنىمىنى
پەرق قىلماي تۇرۇپ قارامىلىق بىلەن ئىشلەشكە قار-
شى تۇردى . « ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىد-
كى نۇرغۇن ئىشلاردا قارىغۇلۇق بىلەن ھەرىكەت
قىلىشقا بولمايدۇ . ......... ئالدىراقسانلىق بى-
لەن تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولماي-
دۇ . » ( 1 - توم 164 - بەت ) دېدى . خىزمەت ئۇ-
سۇلى جەھەتتە ، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشتا چىڭ
تۇرۇپ ، بارلىق خىزمەتلەردە « ئاز سانلىق مىللەت-
لەر بىلەن مەسلىھەتلىشىش » نى تەشەببۇس قىل-
دى . « ئۇلار قوۋۋەتلىگەننى قىلىش ، بىر قىسمىنى
قوۋۋەتلىسە بىر قىسمىنى قىلىش ، كۆپ قىسمىنى
قوۋۋەتلىسە كۆپ قىسمىنى قىلىش ، ھەممىنى قوۋ-
ۋەتلىسە ھەممىنى قىلىش كېرەك » دېدى . بۇ با-
يانلارنىڭ ۋاقتى خېلى ئۇزۇراپ قالغان بولسىمۇ ،
لېكىن ، بۇ بايانلاردا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىلەر ،
يەنى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى مىللىي
رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش پرىن-
سىپى ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن سەممىمىي سا-
دىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىش مەقسىتى ھازىرقى
كۈندىمۇ ناھايىتى مۇھىم يېتەكلەش ئەھمىيىتىگە ئى-
گە بولۇپ ، بىزنىڭ داۋاملىق چىڭ تۇرۇشىمىزغا
ئەرزىيدىغان ماركسىزملىق ئاساسىي پرىنسىپتۇر .
نۆۋەتتە ، مىللىي رايونلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەش ئۈچۈنمۇ بىز مۇشۇ ئىدىيىۋى لۇشيەندە
چىڭ تۇرغاندىلا ، ئاندىن ئەمەلىيەتنى چىقىش قى-
لىدىغان ، مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كې-
لىدىغان تەرەققىيات يولىغا ماڭالايمىز . ئىسلا-
ھات ، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئىسپاتلى-
تىپ بېرىدۇكى ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقار-
غان ھەر بىر مۇھىم قارار ، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز
يېڭى دەۋردە قولغا كەلتۈرگەن ھەر بىر مۇۋەپپەقى-
يەت مانا مۇشۇ ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرغانلى-
قىنىڭ نەتىجىسى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، يولداش دېڭ
شياۋپىڭ « دۇنيادا ماركسىزم - لېنىنىزم مىللىي
مەسىلىنى ھەل قىلالايدۇ ، » دەيدۇ . جۇڭگودا ،
ماركسىزم - لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بى-
لەن بىرلەشتۈرگەن ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىمۇ بۇ مەس-
لىنى ھەل قىلالايدۇ . بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ
ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى بېيىت-
قانلىقى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى .

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ، شىنجاڭنىڭ
خىزمەتلىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ، ھەقىقەت-
نى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش جەھەتتە ئىككى قېتىملىق
خىزمەت ياخشى ئىشلەندى . بىرىنچى قېتىملىقى
50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ، يەنى
ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ، زومىگەرلەرگە قارشى
تۇرۇش ، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدى -
كەينىدە ئىشلەندى . شىنجاڭ شۆبە بىروسى زور
تۈركۈمدىكى كادىرلارنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر
قايسى جايلىرىغا ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆ-
كۈشكە ئەۋەتىپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق را-
يونلىرىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەت ، مىللىي مۇناس-
ۋەت ، يەر ، چارۋا قاتارلىق تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى
ئىگىلەش ئەھۋالى ، كەڭ دېھقانلار ، چارۋىچىلار-
نىڭ تۇرمۇشى قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتتىكى
ئەھۋاللار ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش تەتقىق قى-
لىش ئېلىپ بېرىپ ، تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە قىممە-
تىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان دوكلاتلارنى ئوتتۇرىغا
قويدى . كېيىن يەنە « جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا جەمئى-
يىتى » دېگەن كىتاب رەسمىي نەشر قىلىنىپ ، شۆبە
بىرونىڭ توغرا قارار چىقىرىشىغا ناھايىتى ياخشى
ئاساس يارىتىپ بەردى . يەنە بىر قېتىملىقى پارتى-
يە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئو-
مۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىشلەندى . پۈتۈن پارتىيە
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى زور كۈچ بىلەن يولغا
قويۇپ ، ئىدىيە ، سىياسىي ، تەشكىلىي ، ئىستىل

جەھەتلەردە قالايمىقانچىلىقنى تۈزۈپ ، پارتىيىنىڭ
لۇشيەنىگە توغرىلاندى ، بۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك
خىزمەتلەر كۈندىن - كۈنگە گۈللەپ ئالغا باس-
تى .

ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئىس-
پاتلاپ بەردىكى ، ئېلىمىزنىڭ ، جۈملىدىن شىنجاڭ-
نىڭ خىزمەتلىرى يېڭى بىر تارىخى باسقۇچقا كىر-
دى . لېكىن ، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ،
بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز بۇ پرىنسىپنى ئۇنتۇ-
لۇپ كەتتى . ئۇلار كۈندىلىك ئىشلار بىلەن بولۇپ
كەتتى ، يا مەركەزنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەن-
مىدى ، يا ئاساسى قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئۆز
رايونى ، ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىدى . شۇڭا ، مەركەزنىڭ
فاڭجېنلىرى بىلەن ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىنى
بىرلەشتۈرگەن ، ئەمەلىيەتتە ئاقىدىغان كونكرېت
لاھىيلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى . ئۇلار مەركەز-
نىڭ ھۆججەتلىرىنى خەتمۇ - خەت ئوقۇپ بو-
لۇپلا ، شۇ بويىچە كۆچۈرۈپ ئىشلىتىپلا ئىشنى
بولدى قىلدى . بۇنداق ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ،
ئاممىدىن ياير‌ىلغان ئۇسۇللار ئەمەلىيەتتە پارتىيە-
نىڭ ئاساسى لۇشيەنىدىن ئايرىلىپ كەتتى . شۇ-
ڭا ، بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي را-
يونلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىشلەشتە ھەقىقەتنى ئەمە-
لىيەتتىن ئىزدىشتىن ئىبارەت ئاساسى پرىنسىپتا
چىڭ تۇرۇش ئىدىيىسىنى ئۆگەنگەندە ، ئۆز رايو-
نىمىز ، ئۆز ئورنىمىزنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىر-
لەشتۈرۈپ ، تەجرىبە ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يە-
كۈنلەپ ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە قولايلىق
يارىتىشىمىز شەرت .

### II «پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرى بۈيۈك ئىتتىپاق بولۇش» ۋە «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش» ئىدىيىسى ھەققىدە

مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىپ ، ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى قوغداش ئىدىيىسى دېڭ شياۋپىڭ مىل-
لەت نەزەرىيىسىنىڭ گەۋدىلىك مەزمۇنى . تارىخ تە-
رەققىياتى ئىپادىلەپ بەردىكى ، دۆلەتنىڭ بىرلى-
كى ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولغاندا ، سىيا-
سىي راۋان ، خەلق ئىناق بولىدۇ ، ھەممە ساھەلەر-
دە گۈللەپ ياشناش بولىدۇ ؛ دۆلەت بۆلۈنگەن-
دە ، مىللەتلەر ماجرا قىلغاندا ، ھوقۇق قولدىن
كېتىپ دۆلەتكە ئاھانەت بولىدۇ ، خەلق بالايى ئا-
پەتكە ئۇچرايدۇ . بۇ ئېلىمىزنىڭ تارىخى تەجرىبە
ساۋاقلىرىنىڭ يەكۈنى . يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا ،
يولداش دېڭ شياۋپىڭ يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى قوغداش ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ ،
«جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرايلى» دېگەن چاقىرىقنى چىقىرىپ ،
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا
يېڭى پىكىر ئوتتۇرىغا قويدى . 1984 - يىلى 10 -
ئايدا ، ئۇ شاڭگاڭ ، ئاۋمېندىن دۆلەت بايرىمىنى
تەبرىكلەشكە كەلگەن مۇراسىم ئۆمىكىنى قوبۇل
قىلغاندا : «بىزنىڭ ياشىسۇن جۇڭخۇا مىللەتلىرى-
نىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى» دېگەن بىر شوئارىمىز بار
ئەمەسمۇ ؟ مىللەت مەيدانىدا تۇرۇپ ، مىللەتنىڭ
ئومۇمىيىتىنى قوغدىسىلا ، ھەر خىل سىياسىي كۆز
قاراشتىكىلەر بىلەن ، جۈملىدىن كومپارتىيىنى
تىللاۋاتقانلار بىلەنمۇ كەڭ ئىتتىپاقلىشىشىمىز كې-
رەك .» (3 - توم 153 - بەت) دېدى . 1986 -
يىلى 6 - ئايدا ، ئۇ رۆڭشى جەمەتى ئەزالىرىنى
قوبۇل قىلغاندا يەنە مۇشۇ مەسىلىنى تەكىتلەپ :
«بىز پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتى-
پاقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك» (3 - توم
932 - بەت) دېدى . شەرقى ياۋروپا ۋە سوۋېتلەر
ئىتتىپاقىدا زور ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن ، يول-
داش دېڭ شياۋپىڭ بىر ئاساسى تېمىنى تەكرار
تەكىتلىدى : جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىر نەپەس ، تەق-
دىرداش بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە ، بىرلەشكەندە
گۈللىنىدۇ ، بۆلۈنگەندە خارابلىشىدۇ ، پەقەت مىل-
لەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ ، مىللى بۆل-
گۈنچىلىككە قارشى تۇرغاندىلا ، ئاندىن جۇڭخۇا-
نى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ .

دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق-
لىقىنى قوغداش ئۈچۈن ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ
مىللى رايونلار ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقىنى

www.uyghurkitap.com

ساقلاشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئىگىلىك تەرەققىيات ستراتېگىيىلىك نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئاشماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۈپ فاڭجېن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگونىڭ مەسىلىسىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغىنى، مۇقىملىقنىڭ بولۇشى، مۇقىم مۇھىت بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرمۇ قولدىن كېتىپ قالىدۇ» (3 - توم 586 - بەت). يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يۇقىرىدىكى بايانلىرى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى تەلىماتىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنى بېيىتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى، لېكىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئايرىم رايونلاردا ئۇشتۇمتۇت ۋەقەلەر يۈز بەردى. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بار: ① مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ تەسىرى بار، ② مەنپەئەت جەھەتتىكى سۈركىلىش ۋە تۇر تۇشۇپ قېلىش بار، بۇنىڭدا ھەم تاغ ئورمانلىرى، ئوتلاقلار، سۇ مەنبەلىرى، كانلار، چېگرا لىشىش جەھەتتىن كېلىپ چىقىدىغان بىۋاسىتە توقۇنۇشلارمۇ بار، ھەم ھەر قايسى رايون، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات تەكشى بولماسلىق، پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان پىسخىك تەڭپۇڭسىزلىق ۋە نارازىلىق كەيپىياتىمۇ بار. كېيىنكى ئەھۋال گەرچە مىللەتلەر ئارىسىدا بىۋاسىتە توقۇنۇش پەيدا قىلمىسىمۇ، لېكىن بۇنداق يوشۇرۇن زىددىيەت ئۇزاققىچە ھەل قىلىنمىسا، مىللىي رايونلارنىڭ تىنچ ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ③ مەدەنىيەت جەھەتتىكى توقۇنۇش ۋە تارىخىي چەكلىمىلەرنىڭ تەسىرى بار. بۇلار ئاساسلىقى بەزى نەشر بۇيۇملىرى ۋە تەشۋىقات بۇيۇملىرىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، مىللىي ۋە دىنىي ھېسسىياتقا زەربە بولىدىغان ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ④ خىزمەتتىكى سەۋەبلەر بار. بىزنىڭ بەزى كادىرلىرىمىزنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى چىڭ ئەمەس، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئۇزاققا كەلتۈرگەن ئەمەلىي تەجرىبىلىرى كەمچىل، شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئاممىا ئوتتۇرىسىدا ئىناۋىتى يوق، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى بۇراش قابىلىيىتى تۆۋەن ياكى ئۇلاردا تۆرىچىلىك ئىستىلى ئېغىر بولۇپ، بىرەر ۋەقە يۈز بەرسىلا ھودۇقۇپ كېتىپ ئالدىراقسانلىق قىلىدۇ. ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ ئىشنى بۇزىدۇ.

توغرا، جايلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ، مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، مەسىلە ھەل قىلىش، مۇقىملىقنى ساقلاش تەدبىرلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بەزى مەسىلىلەر ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇپ ۋەتەننى سۆيۈش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش؛ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، قانۇننىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى قوغداش، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ھەر قانداق سەۋەب بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە، قانۇننىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە تېگىشىگە يول قويۇلمايدۇ، مىللەت، دىننىڭ تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەردە بولغۇچىلارغا قەتئىي زەربە بېرىش؛ يېڭى دەۋردە مىللىي رايونلاردا مەيدانغا كەلگەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىپ ماجىرالارنى كېلىشتۈرۈشكە، زىددىيەتلەرنى يېتەكلەشكە ماھىر بولۇپ، پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىللارغا ئايلاندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار ۋە كەسكىنلىشىپ كېتىش ئېھتىمالى بولىدىغان زىددىيەتلەرنى يۇمران ھالىتىدە ھەل قىلىپ، ۋەقە چىقىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەتلىرى ھەققىدىكى تەشۋىقات تەربىيىنى زادىلا بوشاشماستىن ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش.

### III « مىللەتلەر باراۋەر بولۇش » ئىدىيىسى ھەققىدە

مىللەتلەر باراۋەر بولۇش ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى. باراۋەرلىك مەسىلىسى تارىختىن بۇيان مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ئەڭ سەزگۈر، ئەڭ چوڭقۇر قاتلامدىكى مەسىلە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى مىللىي سىياسىتىنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقى، « مىللىي كەمسىتىش يوق بولغان » سىياسەت ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلەپ، « بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىمىز » دېدى. بىز باشتىن ئاخىر ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىنى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردۇق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇردۇق، جۇڭگو ئالاھىدىلىكىگە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى داۋامىدا مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگو ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولىنى تېپىپ چىقتۇق.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئېلىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرا بولۇپ، مىللىي مەسىلىلەرنى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلدى، بۇنى پۈتۈن دۇنيا ئورتاق ئېتىراپ قىلىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بەزى دۆلەتلەردە « مىللىي توقۇنۇش شۇنچە ئېغىر بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كەتتى، شەرقىي ياۋروپادا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، يۇگوسلاۋىيە ئۇرۇش ئوتىغا كىرىپ كەتتى، ھالبۇكى، بىزنىڭ ئېلىمىز مۇقىملىقنى ساقلىيالىدى، ئېلىمىزدە مىللەتلەر ئىناق تۇرۇپ، جۇڭخۇانىڭ غايەت زور ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئىپادىلىدى. بۇنداق بولۇشتا چوڭقۇر تارىخىي سەۋەب ۋە رېئال سەۋەبلەر بار. بۇلار: دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت بىرلىككە كېلىشى؛ مىللەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە تايىنىپ ئورتاق ھايات كەچۈرۈش جەريانىدىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت باغلىنىشى؛ يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى مىللەتلەرنىڭ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدىكى بارلىققا كەلتۈرگەن مەھنەپەسلىك مۇناسىۋىتىدۇر.

رېئال ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئېلىمىز ھەقىقىي تۈردە مىللەتلەر باراۋەر بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى تۆۋەندىكىچە:

1 ) ھەممە مىللەت باراۋەر بولۇش پرىنسىپىنى يولغا قويدۇق. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت جۇڭگو زېمىنىدا ياشاۋاتقان كىشىلەر ئورتاق گەۋدىسىلا بولىدىكەن، نوپۇسىنىڭ قانچىلىك، تېررىتورىيىسىنىڭ چوڭ - كىچىك، جەمئىيەت تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ۋە ئاھالە ئاساسى گەۋدىسىنىڭ ئېلىمىزنىڭ چېگرىسى ئىچىدە بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر، تارىختا شەكىللەنگەن ئىقتىسادىي تۇرمۇش، تىل - يېزىق، كىيىم - كېچەك، ئۆرپ - ئادەت، مىللىي ئاڭ قاتارلىق تەرەپلەردە روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىلا، بىردەك « مىللەت » دەپ ئاتىلىدۇ، دېگەن قارارنى چىقاردى. بۇ قارارنىڭ روھى بويىچە، ئېلىمىزدە 50 - يىللاردا مىللەتلەرنى تونۇش ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن تارىختىن بۇيان ئېتىراپ قىلىنماي كېلىۋاتقان نەچچە ئون مىللەت ئېتىراپ قىلىنىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدە ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئىگە بولدى. شۇ چاغدا سىياسىي ۋازارەت مەھكىمىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، كونا جۇڭگودىن قېلىپ قالغان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھاقارەت بولىدىغان يەر ناملىرى، مىللەت ناملىرى، ئابىدىلەر، خاتىرە تاشلىرى قاتارلىقلارنى بىكار قىلدى.

2 ) مىللەتلەرنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ ئىككى مەناسى بار: بىرىنچى، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا، قانۇن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش جەھەتتە باراۋەر دېموكراتىك ھوقۇقى بارلىقىنى قوغداي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇ. ھەر بىر مىللەتنىڭ مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ۋەكىلى بولىدۇ. 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ بىرىنچى سانلىق يىغىنىدا، 55 ئاز سانلىق مىللەت سىياسىي كېڭەشتە ئۆزلىرىنىڭ ھەيئىتى بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا يەرلىك ئاپتونومىيە قۇرۇلۇپ، ئاپتونومىيە ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت ئۆزىگە خوجايىن بولغان ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشىنى باشقۇردى.

3) مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىلىشكە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىلىشكە دىققەت قىلىندى. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: «سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتى — پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئورتاق باي قىلىشتىن ئىبارەت» بولدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىر يۈرۈش فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىرلەر تۈزۈلۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىلدى. مىللىي رايونلارنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت، مەركەز، ئۆلچەم قىلدى. يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئېلىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىدە مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك، يەنى خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك، ئېلىمىزدە «چوڭ مىللىي ماجىرا يوق» ئالاھىدىلىك شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن خەلقئارالىق چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

## IV مىللىي رايونلاردا مىللىي سىياسەتلەرنىڭ توغرا ياكى ناتوغرا بولۇش ئۆلچىمى مەسىلىسى ھەققىدە

ئېلىمىزنىڭ مىللىي سىياسەتكە قانداق ھۆكۈم قىلىش كېرەك، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانداق كۆزىتىش كېرەك؟ مانا بۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ بېشىنى ئىزچىل ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە. 1987 - يىلى 6 - ئايدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كاتىنى قوبۇل قىلغاندا ئېلىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە شىزاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتىگە ۋە شىزاڭ مەسىلىسىگە شىزاڭدا قانچىلىق خەزىنە بارلىقىغا قاراپلا ھۆكۈم قىلىنىدىغان بولسا، توغرا يەكۈن چىقارغىلى بولمايدۇ. قانداق قىلغاندا شىزاڭنى تېز تەرەققىي تاپقۇزۇپ، جۇڭگونىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىغا قاراش — بۇنىڭ ئاچقۇچى.»① «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى كۆزىتىشتە، ئاساسلىقى شۇ رايوننىڭ تەرەققىي تاپالايدىغان - تاپالمايدىغانلىقىغا قاراش كېرەك. ئەگەر ئۇ يەردە خەزىنىلەردىن كۆپرەك بولۇشى شۇ يەرلىك مىللىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولسا، بۇنى يامان ئىش دېگىلى بولمايدۇ، بۇنداق مەسىلىگە قاراشتا، دىققەت ئېتىبارىنى شەكىلگە ئەمەس، ماھىيەتكە قارىتىش لازىم»② (3 - توم 510 - 511 - بەتلەر) يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ بايانلىرىدا ناھايىتى مۇھىم ئىككى نۇقتا بار: بىرىنچىدىن غەرب ئەللىرىدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ خەزىنىلەرنىڭ قانچىلىق بولۇشىنى ئۆلچەم قىلىدىغان خاتا كۆزقاراشلىرىنى رەت قىلغان. ئىككىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بارلىق خىزمەتلەرنى ئۆلچەيدىغان تۈپ ئۆلچەم قىلىشنى جەزملەشتۈرگەن، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇشنى جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتىنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئاساسى قىلغان. بىر رايوننىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزەتكەندە، ئېلىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە ھۆكۈم قىلغاندا، ئاساسلىقى ئۇنىڭ تەرەققىي قىلغان - قىلمىغانلىقىغا قاراش كېرەك، تەرەققىيات دېگەن چىڭ ھەقىقەتتۇر. ئىقتىساد يۇقىرى ئۆرلىمىسە،

خەلق تۇرمۇشى ئۈسمىسە ، مىللى مەسىلىنىڭ ھەل
بولۇشى ئۈستىدە گەپ قىلىش تامامەن قۇرۇق گەپ
بولۇپ قالىدۇ . ھازىرقى باسقۇچتا ، ئېلىمىزدىكى
مىللى مەسىلە نىسبەتەن مەركەزلىك ھالدا ئاز
سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايون-
لىرىنىڭ ئىقتىسادى ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېز-
لىتىشكە بولغان تەقەززالىقىدا ئىپادىلىنىدۇ . پەرق-
نى ھەل قىلىش - قىلالماسلىق مەسىلىسى سوتسى-
يالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرۈش -
گەۋدىلەندۈرەلمەسلىككە مۇناسىۋەتلىك ، ئۇنىڭدىن
ئەلا ، ئادالەت پرىنسىپىغا ئېتىبار بېرىدىغان تەك-
شى بولمىغان تەرەققىيات يولىغا مېڭىش - ماڭال-
ماسلىقتا مۇناسىۋەتلىك ، ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ
ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىشى جەريانىدا ئىقتىساد ،
سىياسى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش - ساق-
لىيالماسلىقتا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولغانلىق-
تىن ، بۇ مەسىلە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىقتىسادى مە-
سىلىلا بولماستىن ، ئىجتىمائىي سىياسىي مەسىلە-
دۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ، پەرقنى ئازايتىش مەسىلە-
سىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش يەنى دۆلەتنىڭ
ماكرولۇق تېزگىنلىشىگە ۋە سىياسەت ئارقىلىق تەڭ-
شىشىگە تايىنىش ، تېخىمۇ مۇھىمى مىللى رايونلار-
نىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ، جاپا مۇ-
شەققەتكە چىداپ كۆرەك قىلىش روھىغا تايىنىش ،
ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك . بولۇپمۇ
« 9 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە ، پەرقنىڭ تېخىمۇ
چوڭىيىپ كېتىش يۈزلىنىشىنى ئاستىلىتىش بىزنىڭ
بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە ئاسا-
سى بولۇشى كېرەك ، بارلىق فاڭجېن سىياسەتلەر-
نى تۈزۈش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلاردا مۇشۇنىڭغا قا-
راپ ئىش قىلىش كېرەك .

**V مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈ-
مىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈ-
رۈش ئىدىيىسى ھەققىدە**

مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى -
جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ، ئېلىمىزنىڭ مىللى
مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغان مۇھىم بىر سىياسى
تۈزۈم . يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1987 - يىلى 10 -
ئايدا ۋېنگرىيىلىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلغاندا
مۇنداق دېگەن : « جۇڭگودا مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر
ئىتتىپاقى تۈزۈمى يولىغا قويۇلماي ، مىللى تېررىتور-
يىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولىغا قويۇلدى . بىزنىڭ
قارىشىمىزچە ، بىزدە تۇرغۇن ئەۋزەل نەرسىلەر
بار ، بۇ ئىجتىمائىي تۈزۈمىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقى ،
ئۇنىڭدىن كەچسەك بولمايدۇ » ( 3 - توم 532 -
533 - بەتلەر ) . ئېلىمىزدە مىللى تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولىغا قويۇلۇپ ، غەرب ئەللە-
رى ۋە باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئۇسۇ-
لىنى كۆچۈرۈپ كەلمەسلىكىمىزنى بىزنىڭ دۆلىتىمىز-
نىڭ ئالاھىدىلىكى ، دۆلىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەملى
ئەھۋالى بەلگىلىگەن . ئېلىمىزنىڭ مىللى تېررىتور-
يىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ھەم نوقۇل ھالدىكى تې-
رىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئەمەس ، ھەم نوقۇل ھال-
دىكى مىللەتلەر ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئە-
مەس ، بەلكى مىللى ئامىللار بىلەن تېررىتورىيە ئا-
مىللىرى ، سىياسى ئامىللار بىلەن ئىقتىسادى ئا-
مىللار توغرا بىرلەشتۈرۈلگەن دۆلەتنىڭ بىر تۇرلۇك
بىگىزلىك سىياسى تۈزۈمىدۇر . ئەمەلىيەت ئىسپاتلى-
دىكى ، بۇ تۈزۈم ناھايىتى زور ئەۋزەللىككە ئىگە
تۈزۈم . بۇ تۈزۈم ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنى
ئۆزلىرى تۈپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ئىچىدە
ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەت-
لىك قىلىدۇ ، ھەم دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە جۇڭخۇا
مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا كاپالەتلىك قى-
لىپ ، ئورتاق سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ئەمەلگە ئا-
شۇرىدۇ . نەچچە ئون يىللىق سىناقلار ئىسپاتلاپ
بەردىكى ، بۇ تۈزۈم دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇي-
غۇن كېلىدىغان ، زور ھاياتى كۈچىگە ئىگە تۈزۈم .

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش-
تىن ئىبارەت يېڭى تارىخى شارائىتتا ، بۇ تۈزۈمدە
قانداق چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش
يېڭى دەۋردىكى مىللى خىزمەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلى-
رىدىن بىرى .

— گۈلزار تىلىۋالدى تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھۆكۈمەتنى پاك ـ دىيانەتلىك قىلىش نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ئاساسلىق ئۈچ مەزمۇنى

ماۋمىنشىڭ

يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو كومپارتىيەسى ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ بادروسى، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشىنىڭ باش لاھىيىلىگۈچىسى. ئۇ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ھەر قايسى تارىخى باسقۇچلىرىدا، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى ئاستىدا، ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇللىرى بىلەن پارتىيە ئىستىلى ۋە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى پاكلاشتۇرۇش ۋە چىرىكلىككە قارشى كۆرەش ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا بىر يۈرۈش مۇھىم نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىگە خاس بولغان ھۆكۈمەتنى پاك ـ دىيانەتلىك قىلىش نۇقتىئىنەزىرىنى شەكىللەندۈردى.

## 1. «ئىككى قولدا تۇتۇش»، «ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» نۇقتىئىنەزىرى

يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرنى ناھايىتى بۇرۇندىن تارتىپ تەكىتلەپ كەلگەن بولۇپ، 1979 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىككى قول ئۇقۇمىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى. يەنى دېموكراتىيە ۋە قانۇن تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئىككى قولنىڭ ھېچقايسىسىنى بوشاشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. بۇ چاغدا بۇ ئىدىيە تېخى تامامەن يورۇتۇلۇپ بولمىغان ئىدى. 1982 ـ يىلىغا كەلگەندە تېخىمۇ ئېنىق يورۇتۇلدى. ئۇ مۇنداق دېدى. «بىزدە ئىككى قول بار، بىرسى چەتكە قارىتا ئېشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش سىياسىتى، بىرى ئىقتىسادى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىقتىسادى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت بۇ قول بولمىسا، چەتكە قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ. ئىچكى جەھەتتە ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىقتىسادى سىياسەتلەرمۇ جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ. ئىقتىسادى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت بۇ قول بولغاندا، چەتكە قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش توغرا يۆنىلىش بىلەن ئالغا باسالايدۇ» «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3 ـ توم خەنزۇچە نەشرى 404 ـ بەت) شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىككى قول ئۇقۇمى ھەققى تۇردە تۇرغۇزۇلۇپ، بىز سوتسىيالىستىك زامانۋىلاشتۇرۇشتا ئىقتىسادى قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، مۇرتى كەلگەندە ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ ئىقتىسادى قۇرۇلۇشقا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان خىيانەت ۋە پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇپ كەلدۇق.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ مەسىلىنى تەكرار تەكىتلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىرىنچىدىن، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا بىر قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق بولۇش پەيدا بولۇپ ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشقا پايدىسىز تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بۇ زىددىيەت ھەل قىلىنمىسا، چىرىكلىك ھادىسىسى داۋاملىق يامراپ كېتىش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايتتى؛ ئىككىنچىدىن، ھازىرقى باسقۇچتا بىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئور-

گائىلىرىدا بىر قەدەر ئېغىر بولغان چىرىكلىشىش هادىسىسى ۋە ناتوغرا ئىستىللار بولۇپ، بۇلار هاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا بېرىپ تاقىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن «ئىككى قولدا تۇتۇش» پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە هۆكۈمەت ئورۇنلىرىنى پاك - دىيانەتلىك قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن «ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» نۇقتىسىنەزىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ هۆكۈمەتنى پاك - دىيانەتلىك قىلىش نۇقتىسىنەزىرىنىڭ مۇھىم ئىدىيىۋى مەزمۇنى بولۇپ قالدى.

**2. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاك-دىيانەتلىك بولۇشتا تۈزۈم ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش نۇقتىسىنەزىرى**

قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈزۈمنى چىرىكلىشىش توسۇپ، هۆكۈمەتنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ تەدبىرى قىلىش يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى هۆكۈمەتنى پاك - دىيانەتلىك قىلىش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۆرەشلىرىنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە ساۋاقلىرىدىن چىقارغان ئىلمىي يەكۈنىدۇر. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش باشلانغاندىن بۇيانقى 10 نەچچە يىل جەريانىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ تۈزۈم قۇرۇلىشى ئۈستىدە كۆپ قېتىم توختىلىپ، سىستېمىلىق ئىدىيىۋى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىكىرلەردە ئىككى تۈرلۈك مۇهىم ئىدىيە بار: بىرى، سىياسى ئىدىيىۋى خىزمەت ھەممىگە قادىر نەرسە ئەمەس، ئۇ تۈزۈمنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، بولۇپمۇ چىرىكلىككە قارشى كۆرەش مەسىلىسىدە ئىدىيىۋى تەلىم - تەربىيىگە تايىنىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، بۇنداق ئىشلاردا ئاساسلىقى پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن تۈزۈملىرىگە تايىنىش كېرەك، دېگەن ئىدىيە. يەنى بىرى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پارتىيە ئىستىلىنى تۈزۈتىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم تەدبىر دېگەن ئىدىيە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مانا مۇشۇ ئىككى ئىدىيىنى «ئىككى قولدا تۇتۇش»، «ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» دېگەن نۇقتىسىنەزىرىگە بىرلەشتۈرۈپ تەكرار تەكىتلەپ، «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك. كادىرلار ۋە كومپارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇش لازىم. يەنىلا قانۇنچىلىققا تايىنىش كېرەك، قانۇنچىلىققا تايىنىش ئىشەنچىلىك بولىدۇ.» دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈردى، يەنى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى سوتسىيالىستىك قانۇن تۈزۈم يولىغا كىرگۈزدى. بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى تارىخى شارائىتتا ماۋزېدۇڭنىڭ هۆكۈمەتنى پاك - دىيانەتلىك تۇتۇش ئىدىيىسىنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىدۇر.

**3. يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى چىڭ باشقۇرۇش، تەربىلەش نۇقتىسىنەزىرى**

يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، هۆكۈمەتنى پاك - دىيانەتلىك تۇتۇش قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ئوڭشا بۇراش خىزمەتلىرىدە نۇرغۇن هالقىلاردىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەش توغرا كەلسىمۇ، بۇ هالقىلاردا يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى قاتتىق باشقۇرۇش، تەربىيىلەش ئاچقۇچلۇق بىر هالقا دەپ قاراپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىكى ئىزچىللىق بىرىنچىدىن «سۇ باشتا لاي ئاقسا، ئايىغىمۇ لاي ئاقىدىغانلىقى» دىن بولسا، ئىككىنچىدىن ئىسلاھات باشلانغاندىن

www.uyghurkitap.com



بۇيانقى چىرىكلىككە قارشى كۈرەش تەجرىبىلىرى-
دىن كېلىپ چىققان. يولداش دېڭ شياۋپىڭ
جۇڭگودىكى چىرىكلىك مەسىلىسىنىڭ شۇنچە ئۇ-
زاق مۇددەتلىك كۈرەش بىلەنمۇ ھەل بولمايدىغان-
لىقىنىڭ سەۋەبىنى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلاردىن
كۆرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە
ئىستىلى ۋە ھۆكۈمەتنى پاك ـ دىيانەتلىك قىلىش
مەسىلىسىدە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئۈل-
گە بولۇش مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن.
يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئۈلگە بولمىغاندا،
ئاينىپ سۇپىتى ئۆزگىرىپ كېتىشتەك تۈرلۈك مەسى-
لىلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى جەزمەنلەشتۈر-
گەن، ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلاردىن جا-
پاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇ-
رۇشنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «كومپارتىيە ئە-
زالىرى كادىرلىرىمىز، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك
كادىرلىرىمىز جەزمەن تەرىشچانلىق كۆرسىتىپ يەن-
ە ئىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈش، جۇئېنلەي قاتارلىق ئۈلگىلىك يول-
داشلاردىن ئىرىشىپ ئۆگىنىش، جاپاغا چىداپ
كۈرەش قىلىش جەھەتتە نەمۇنىلىك رول ئويناش
كېرەك. مەركەز بەزى بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى، بۇ
يىغىندىن كېيىن يەنە تېخىمۇ قاتتىق بەلگىلىمىلەرنى
چىقىرىش كېرەك» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرى-
دىن تاللانما» 2 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى 260 ـ
بەت). 1979 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى
مەركىزى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگىنىدا
ئۆتكۈزۈلگەن مۇئاۋىن مىنىستىردىن يۇقىرى كا-
دىرلار يىغىنىدا، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ
پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، ئىستىلىنى جارى
قىلدۇرۇش ھەققىدە مەخسۇس دوكلات بەرگەن.
يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلاردا كۆرۈلگەن قانۇن،
ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقان-
دا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ قانات ئاستىغا ئې-
لىشقا قارشى تۇرۇپ، ئېنىقلىنىپ چارە كۆرۈشنى
تەكىتلەپ: «قانچىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر-
نىڭ پەرزەنتى بولسا، قانچىكى يۇقىرى دەرىجە-
لىك كادىر بولسا، قانچىكى داڭلىق ئادەم بول-
سا، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىشلىرىنى شۇنچە
چىڭ تۇتۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.
چۈنكى، بۇنداق ئادەملەرنىڭ تەسىرى چوڭ بول-
دۇ، تېزلا تۇتۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىنسا، ئۇنىڭ
ئۈنۈمىمۇ زور بولىدۇ» دېگەن. ئۆزىگىمۇ شۇنداق
قاتتىق تەلەپ قويۇپ: «بىز چىرىكلىككە ئەزەلدىن
قارشى تۇرۇپ كەلدۇق. چىرىكلىكتىن مۇنمۇ بەك
نارازى ـ دە! چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرى-
سىدا بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل سۆزلەپ
كېلىۋاتىمەن. بۇ ھەقتە قىلغان سۆزلىرىمنى سىلەر-
مۇ كۆپ قېتىم ئاڭلىغان. مەن ئائىلەمدە قانۇنغا
خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزىدىغان ئىشلارنىڭ
بار ـ يوقلىغىنىمۇ دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇۋاتىمەن،»
(«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 611 ـ
بەت) دېگەن. پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كا-
دىرلىرىنى چىڭ باشقۇرۇش، تەربىيىلەش نۇقتىئى-
نەزىرىدە، پارتىيىنى قاتتىق تەلەپ بىلەن ئىدارە
قىلىش ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، پارتىيە ۋە ھۆكۈ-
مەتنى پاك ـ دىيانەتلىك قىلىش قۇرۇلۇشى ۋە چى-
رىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى ھالقىلىق
مەسىلە چىڭ تۇتۇلغان بولۇپ، بۇ يولداش دېڭ
شياۋپىڭنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش نۇقتىئىنە-
زىرىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپلا قالماس-
تىن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش
نۇقتىئىنەزىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

گۈلزار تىلىۋالدى تەرجىمىسى

# كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ھەققىدە

تۇراخۇن توختى

تارىخى يۈك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مەسىلە بولۇپ، بۇ مەسىلىگە ئەندى سەل قاراشقا بولمايدۇ. سەل قاراشقا بولمايدۇلا ئەمەس، يۈكنى يەڭگىللىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلمىسا بولمايدۇ. مەن، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارايمەن.

1. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا ئىسلاھات فوندى تەسىس قىلىش كېرەك

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن ئوڭۇشلۇق ھالدا بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆتتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بەزى بىر شارائىتلىرى ھازىرلىنىشتىن سىرت يەنە دۆلەتنىڭ مۇناسىپ ھالدا مەبلەغ بىلەن قوللىشىغا مۇھتاج. بۇ خىل مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەئى مەلۇم بىر قىسمىنى دۆلەت مالىيەسىدىن ئاجرىتىپ بەرگەندىن سىرت، نۆۋەتتىكى تۈرلەرگە ئىشلىتىدىغان دۆلەت بانكىسى ئىستراپ قىلغان پەۋقۇلئاددە زايوم بېلەتتى تارقىتىش ئارقىلىق مەبلەغ توپلاش، قالغان قىسمىنى كىچىك كارخانىلارنى سېتىۋېتىش ئارقىلىق مەبلەغ توپلاشتۇر. بۇنداق قىلىش ھەرگىزمۇ خۇسۇسىلاشتۇرۇشنى تەرغىپ قىلغانلىق ئەمەس، مەسىلەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تارىخى يۈكى بۇرۇنقى «سولچىل» ئىدىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە دۆلەت ئۇزاقتىن بېرى كارخانىدىن ھەر خىل ھېساب يوللىرى بىلەن پۇلنى يىغىۋېلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. لېكىن، دۆلەت بۇ يىغىۋېلىنغان پۇللارنى مۇھىمى يېڭى كارخانىلارنى قۇرۇشقا ئىشلەتكەن بولغاچقا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى سېتىۋېتىشتىن كەلتۈرۈلگەن كىرىمنى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە ئىشلەتسە، بۇ ئەلۋەتتە مۇۋاپىق ئىش بولاتتى.

ئەمما، ھازىرقى مەسىلە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى سېتىۋېتىش ياكى ساتماسلىق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى، ساتقاندىن كېيىنكى كىرىمنى قانداق باشقۇرۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى بولۇۋاتىدۇ، بۇ يەردە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى سېتىۋەتكەندىن كېيىنكى مەبلەغنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش قالايمىقان بولۇش ھالىتىنى جەزمەن ئۆزگەرتىش كېرەك. كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى سېتىۋەتكەندىن كېيىنكى كىرىمنى باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بەزى شەھەرلەردە كارخانا باشقۇرىدىغان ئورۇنلار ئالى پىكاپ سېتىۋالغان ياكى رەھبىرى كادىرلارغا ئۆي سېلىپ بېرىش ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن، بۇ ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس؛ بىزنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى سېتىۋېتىش تەشەببۇس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئەشۇ كىچىك كارخانىنىڭ قەرزى، تارىخى يۈكى ۋە ئادەم مەسىلىسى ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىقتىن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بۇ خىزمەتنى ئىشلەشتە نۇرغۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى سېتىۋەتكەندىن كېيىنكى مەبلەغنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەبلەغ مۈلۈكنى باشقۇرۇش ئىدارە ــ ئورۇنلىرىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتى فوندى كومىتېتلىرىنى تەسىس قىلىش كېرەك. مەزكۇر كومىتېت مەخسۇسلا كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى سېتىۋەتكەندىن كېيىنكى كىرىمنى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتىنى قوللاش يۈزىسىدىن ھەر خىل يوللار ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توپلانغان مەبلەغنى باشقۇرىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتى فوندىنى مۇھىمى مۇنۇ تەرەپكە ئىشلىتىشنى، يەنى بىرىنچىدىن، كونا كارخانىلارنىڭ پىنسىيىگە چىققانلارغا تارقىتىدىغان پىنسىيە راسخوتىغا ياردەم بېرىلسە، ئىككىنچىدىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش، كېڭەيتىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىشنى ئويلىشىپ كۆرسەك دەيمەن.

**2. كارخانىلار ئارا قەرزدارلىق ۋە قەرز قايتۇرۇشنى ئارقىغا سۈرەش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشىمىز كېرەك**

نۆۋەتتە، كارخانىلار ئارا قەرزدارلىق، قەرز قايتۇرالماسلىق مەسىلىسى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويىدىغان كىشەن بولۇپ قالدى. كۆپ سانلىق كارخانىلار بىر - بىرىگە قەرزدار. مەسىلەن ۋىلايەت، ناھىيىلىك نېفىت شىركەتلىرى رايونلۇق نېفىت باش شىركىتىگە 400 مىليون مال پۇلىغا قەرزدار. ئىچكى ئۆلكىلەرمۇ رايونلۇق گۈڭشىغا 200 مىليون مال پۇلىغا قەرزدار، رايونلۇق نېفىت باش شىركەت 3 ماي ئايرىش زاۋۇتىغا 650 مىليون ئەتراپىدا قەرزدار. ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتى قاتارلىق 3 زاۋۇت نېفىتتىكى خام ماي پۇلىغا قەرزدار. نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى باج ئىدارىسىغا 1100 مىليون باج قايتۇرۇشقا قەرزدار. مانا مۇشۇنداق بۇ كارخانا ئۇ كارخانىغا قەرزدار، ئۇ كارخانا يەنە بىر كارخانىغا ياكى دۆلەتكە قەرزدار بولۇپ، بىر بىرىگە چېتىلىپ قالغانلىقتىن ھېچ قايسىسى راۋاج تاپالمايدۇ: كارخانىلار يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك مەھسۇلات پۇلىنى ۋاقتىدا يىغىۋالالمىغانلىقتىن قەرزى كۈندىن كۈنگە ئېشىپ، كارخانىنىڭ نورمالنى ئىختىسادىي پائالىيىتىگە ئېغىر تەسىر كۆرسەتكەندىن سىرت، دۆلەت يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك باجنىمۇ يىغىپ ئالالمىغانلىقتىن، ئاپتونوم رايون مالىيىسىنىڭ مالىيە كىرىمىدە قىيىنچىلىق پەيدا قىلدى. يەنە كارخانىلار يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك مال پۇلىنى ۋاقتىدا يىغىپ ئالالمىغانلىقتىن، بانكىنىڭ قەرزىنى قايتۇرالمىغانىنىڭ ئۈستىگە، قەرزىنىڭ ئۆسۈمى داۋاملىق كۆپىيىپ ئىقتىسادى يۈك بەكمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ تېز ھەل قىلىنمىسا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىغا زور كاشىلا بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ 3 بۇرجەك قەرزدارلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈمى تازا ياخشى بولمىدى. مۇھىمى بۇنىڭغا ئورۇنلارنىڭ ئىگىدارچىلىقى چوڭ سەۋەب بولدى. رايونلار ئىگىدارچىلىقى تۈزۈلمىسى مەلۇم دەرىجىدە رول ئويناۋاتقان ئەھۋالدا، ئۆزەمچىلىك، يەرلىكنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، تارقاقچىلىق ئىدىيە - ھەرىكەتلىرى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. بەزى كارخانىلار ئۆزەمچىلىكنىڭ تەسىرىدە زىممىسىدىكى قەرزنى قايتۇرۇشقا ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتمىدى، ھەتتا پۇل بار بولسىمۇ، ئۇنى بانكىغا قويۇپ ئۆسۈمنى خەجلىۋېلىش نىيىتىدە قەرز قايتۇرۇشنى ئارقىغا سۈردى. مەسىلەن، بەزى كارخانىلار بانكىدىن قەرز ئالماسلىق، ئىسكىلات قالدۇقىنى كۆپەيتمەسلىك (بىر ماشىنا ماي ئەكەلسە سېتىپ بولۇپ ئاندىن يانا بىر ماشىنا ماي ئەكىلىپ)، باش شىركەتنىڭ يۆتكەپ بەرگەن ماي پۇلىنى قايتۇرۇشنى ئارقىغا سۈرىدى، بۇنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالدى. ھەتتا بەزى كارخانىلار قەرز قايتۇرماسلىق قىلمىشىنى ئۆز كارخانىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى ئاقىلانىلىق ھەرىكەت دەۋالدى. مېنىڭچە، يوقارقىدەك تاۋار ئىگىلىكى تەلىپىگە خىلاپ بولغان قىلمىشلار ئەشۇ كارخانا تۇرۇشلۇق رايوندىكى ھۆكۈمەت ياكى مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى ئورۇننىڭ يەرلىك مەنپەئىتىنى كۆزلەش، ئۆزەمچىلىك، تارقاقچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە قوللاشقا ئېرىشتى، شۇڭلاشقا، قەرز قايتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قەرز قايتۇرۇشتىكى ساقلانغان مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىش ھەمدە ئۈنۈملۈك تەدبىرىمىزمۇ بولۇش كېرەك.

(1) ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى تەدبىرنى كۈـ

چەيتىش ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە باشقۇرغۇچى ئورۇنلارغا قەرز قايتۇرۇشقا ئاكتىپ بولماسلىق، ئارقىغا سۈرۈشتىكى مەسىلىنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىنى تونۇتۇپ، ئۇلارنىڭ يەرلىك مەنپەئەتنى كۆزلەش، ئۆزىمچىلىك، تارقاقچىلىق ئىدىيىسىنى تۈگىتىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، قەرزلەرنى ئېنىقلاش، ۋاقتىدا قايتۇرۇشتا ئۇلارنىڭمۇ ئالاھىدە مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ھەم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش لازىملىقىنى تونۇتۇشمىز كېرەك.

(2) باشقا رايوننىڭ، باشقا كارخانىنىڭ قەرزلەرنى قايتۇرماسلىق، ئارقىغا سۈرۈش ئاكتىپ بولماسلىق مەسىلىسىنى ئاشۇ كارخانا، ئورۇن، رايوننىڭ رەھبەرلىكىگە نىسبەتەن يۇقىرىدىن ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتىكى مۇھىم كۆرسەتكۈچ قاتارىغا كىرگۈزۈپ، قەرز قايتۇرۇشتا ئىلغار ياكى پاسسىپ دەپ باھالاپ، ئەشۇ قەرزدار كارخانا رەھبەرلىكىنى تەقدىرلەش، تەنقىد قىلىشتىن سىرت، مەلۇم ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرى جازا يۈرگۈزۈشىمىز كېرەك. مەسىلەن، قەرزدار كارخانىغا بانكىدىن مەجبۇرى قەرز ئالغۇزۇپ، باشقا كارخانىنىڭ قەرزىنى قايتۇرغۇزۇش تەدبىرى ئەڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر ھېسابلىنىدۇ. ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق كارخانىلار ئارا بىر بىرىنىڭ قەرزىنى كېچىكتۈرمەسلىك، ۋاقتىدا قايتۇرۇشتىكى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغۇزۇشىمىز لازىم.

**3. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا ئادەم ئىشلىتىشتە ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ئەمىلى ھوقۇقىنى بېرىشىمىز كېرەك**

ئادەم ئىشلىتىشتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى — كارخانىلارنىڭ ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى. بىراق، ھازىر دۆلىتىمىزدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بولسا خۇسۇسى ئىگىلىكتىكى كارخانىلار، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە «3 خىل مەبلەغ» كارخانىلارنىڭ ئوخشاش ئادەم ئىشلىتىشتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولالمايۋاتىدۇ. بۇ مۇھىمى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئادەملەرنى قانچىلىك ساندا ئىشلىتىش ۋە قانداق ئادەملەرنى ئىشلىتىش جەھەتتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ بېكىتىش ھوقۇقى بولماسلىق، يېڭى ئىشچى خىزمەتچىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش جەھەتتىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قاتمۇ - قات توسقۇنلۇقلىرىغا ئۇچراش جەھەتتە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. ئەگەردە، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئۆزى خالىغانچە ئادەم قىسقارتىشقا بولمايدۇ دېيىلسە، بۇ چۈشىنىشلىككى، كارخانىلارغا ئېھتىياجدىن سىرت ھەر يىلى جەزمەن يېڭى ئىشچى - خىزمەتچى قوبۇل قىلىپ تۇرۇش تەلىپىنى قويۇش مۇۋاپىق دېگەنلىكتۇر. نۆۋەتتە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئىشتىن ئادەم كۆپ، شتات خېلى كۆپ ئېشىپ كەتكەن. شۇنداق تۇرۇغلۇق ئەمگەك كادىرلار باشقۇرش تارماقلىرىدىن ھەر يىلى كارخانىلارغا مەجبۇرى ھالدا ئادەم تەقسىم قىلىنىۋاتىدۇ. تونۇش بىلىشلەرنى ۋە تۇغقانلارنى كارخانىغا تىقىپ كىرگۈزۈۋاتىدۇ، رەھبەرى كادىرلار ۋە ئەمەلىي ھوقۇقلۇق كادىرلار ئۇرۇق - تۇغقان تونۇشلىرىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى، پاراۋانلىقى ئوبدان كارخانىلارغا تىقىپ كىرگۈزۈۋاتىدۇ. كارخانىلار مۇناسىۋەتلىك يۇقىرى ئورگانلارنىڭ كارخانا خىزمىتىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئامالسىزلىقتىن تىقىپ كىرگۈزگەن ئادەملەرنى قوبۇل قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا شتات ئېشىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يەنى شتاتنى ئازايتىپ ئورۇن بېكارلاش ئۈچۈن، كارخانىلار دۆلەتلىك ئەمگەك كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە قارىماي، خىزمەتتە پىشقان، يېشى تېخى توشمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مۇددەتتىن بۇرۇن پىنسىيىگە چىقىرىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى، بۇ گەرچە ئورۇن بېكارلاپ يېڭى خىزمەتچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، كارخانا ئۈستىگە ئالغان ئىش ھەققى راسخوت ھەرگىزمۇ ئازايغىنى يوق، ھەممە دەم ئېلىشقا، پىنسىيىگە

چىققانلار كۆپەيگەنسېرى راسخوتمۇ كۆپىيىپ ،
كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى بارغانسېرى ئې-
غىرلىشىپ كەتتى. ماكرو جەھەتتىن ئېيتقاندا ، يۇ-
قىرىقى ئۇسۇل ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى
ھەل قىلىدىغان ئۇنۇملۈك ئۇسۇل ئەمەس. مۇد-
دەتتىن بۇرۇن پىنسىيىگە چىققانلار يەنىلا ئىش ئىز-
لەپ يېڭى ئىش ئورۇنى تاپىدۇ - دە ، جەئىيەتتى-
كى ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يولى يەنىلا
توسۇلۇپ قالىدۇ. شۇڭا ، توغرا بولغان ئۇسۇل
مۇنداق: يۇقىرى ئورگانلار كارخانىلارغا دۆلەت
خىزمەتچىلەرنىڭ پىنسىيىگە چىقىش ياش بەلگىلىمە-
سىنى جەزمەن ئىجرا قىلىش كېرەك دەيدىغان تە-
لەپنى قويماسلىق ھەمدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كار-
خانىغا مەمۇرى بۇيرۇق بىلەن يېڭى ئىشچى - خىز-
مەتچى ئورۇنلاشتۇرماسلىق ، شىنجاڭ رايونىدىن
ئېلىپ ئېيتقاندا ، يۇقىرى ئورگانلار مىللى ئىش-
چى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئورۇنلىشىش نىسبىتىگە ئالا-
ھىدە پىرىنسىپ بەلگىلىدى ، يەنى بىر كارخانىدا
مىللى ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ سانى مانچە %
دىن كەم بولماسلىق ، باشقۇرغۇچى ئورگانلار بۇ-
نىڭغا كاپالەتلىك قىلىش ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى
چىڭ تۇتۇش لازىم. بۇندىن كېيىن ، كارخانىلار
ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن يېڭى ئىش-
چى - خىزمەتچى ئېلىش - ئالماسلىقنى قانچىلىك
ئېلىشنى ئۆزى بېكىتىش كېرەك ، بۇنداق قىلىش
كارخانىلار ئۈستىگە ئالغان يۈكنى يەڭگىللىتىش ،
پىنسىيە راسخوتىنى ئازايتىش راسخوتنى ئۆزى
كونتىرول قىلىشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماي ، ئىش-
چى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە
كەسىپ - تېخنىكا ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ،
ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

## 4 . كارخانىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ماكرو جەھەتتىن يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا
ئۆزگەرتىشى جەھەتتە بىز تارىخى قەرزدار بوپقال-
دۇق ، پەقەتلا زور كۈچ بىلەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش-
نى ئېلىپ بارغاندا كارخانىنىڭ قالاق قىياپىتىنى
يېڭىلىغىلى بولىدۇ ، لېكىن ، كارخانىنىڭ ئاساسىي
ۋە شارائىتى قانداق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر ، قا-
رىغۇلارچە يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈش ، ئەمەلىيەتنى
ئويلىماسلىق كارخانىنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىغا
پايدىسىز بولۇپلا قالماي ، ئوخشاشلا كارخانىنىڭ
يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويىدۇ. نۆۋەتتە نۇرغۇن
كارخانىلار ئۆز ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدىغان يېڭى
تېخنىكا كىرگۈزۈش ، نۇرغۇن قەرز ئېلىپ يۈرۈش-
لەشمىگەن تېخنىكا ئۈسكۈنە كىرگۈزۈش ، بازار ر-
ىقابىتىگە ماس كەلمەيدىغان تېخنىكا ئۈسكۈنە كىر-
گۈزۈش ، بىر قانچە كارخانا ئوخشاشلا تەكرار
تېخنىكا ئۈسكۈنە كىرگۈزۈش قاتارلىق قىسقا پىلان
بىلەن ئىش كۆرگەنلىكتىن ، كارخانىلاردا تېخنىكا
ئۆزگەرتىشنىڭ نەتىجىسىگە مۇناسىپ بولغان ئىش-
لەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەنمىدى. بولۇشقا
تېگىشلىك ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرالمىدى ، ھەقىقە-
تەن كارخانىلارنىڭ كۆپ مىقداردىكى مەبلىغى
سەرپ قىلىنىۋېتىلدى. شۇڭا ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم
رايون جەزمەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار-
نىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە نىسبەتەن ماكرو جەھەت-
تىن يېتەكچىلىك قىلىشنى ۋە كونترول قىلىشنى كۈ-
چەيتىشى ۋە چەكلىك بولغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش
مەبلىغىنى ھەقىقى ئېھتىياجلىق ئورۇنغا ، نۇقتىلىق
ئورۇنغا ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا يېڭى بىر
تېخنىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەلۇم بىر جەريان
كېرەك. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە
مەبلەغ جەھەتتىكى شارائىتىدىن قارىغاندا ، كار-
خانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە مەھ-
سۇلاتىنىڭ بازار تاپالىشىغا قاراپ كارخانىنى رەت-
كە ئايرىپ ، نۇقتىلىق كارخانىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەر-
تىشىگە كاپالەت قىلىش ، باشقىلىرىنى ئارقىغا سۇ-
رۇش فاڭجېننى قوللىنىش كېرەك. شۇڭا ، دۆلەت
ۋە ئاپتونوم رايون دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كار-
خانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى تەستىقلاشنى
قاتتىق ئىگىلەپ ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ ، ئور-
تا تىپتىكى كارخانىغا يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈشتىكى
زۆرۈرلۈك ئانالىزى ، تېخنىكىنى قوللىنىشقا بولىدى-
غان-بولمايدىغان شارائىت ، يېڭى تېخنىكىنىڭ

ساپلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىدىـ
كى دەلىل ۋە مۇتەخەسسىلەرنىڭ باھالاش ئىسپاتى
ھەم قولغا كەلتۈرۈش مۆلچەرلەنگەن ئىختىسادى
ئۈنۈمى ، ئىقتىسادى مەسئۇلىيىتى قاتارلىقلارنى
ياخشى ئويلىشىپ ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈـ
رۈش كېرەككى ، زۆرۈر بولمىغانلارنى شاللىۋېتىش
كېرەك . يېڭى تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە كېرەكلىك مەبـ
لەغنىڭ كېلىش مەنبەسى بولۇش ، بۇنىمۇ تەكـ
شۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مەبلەغنىڭ ئەمەلىيـ
لىششنى قولغا كەلتۈرۈش ، ئىشقا كىرىشتۈرمەكـ
چى بولغان يېڭى تەخنىكىنىڭ يالغان بولۇپ قالـ
ماسلىقى ، يېڭى تېخنىكا ئۆزگەرتىش نامى بىلەن
مەبلەغنى ئىگىلىۋېلىپ باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېـ
لىشنى قاتتىق ئىگىلەش ۋە نازارەتنى كۈچەيـ
تىش ، شۇنداق قىلغانلارغا چارە كۆرۈش كېرەك .

**5 . دۆلەتتىن ئاجرىتىپ بەرگەن مەبلەغـ
نىڭ ئەمەلىيلىششى ۋە كارخانىغا تېز ئارىدا يېـ
تىپ كېلىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز
لازىم**

دۆلەتتىن تەخسىم سىلىپ بەرگەن ياكى يۆتـ
كەپ بېرىلگەن مەبلەغ خېلى ئۇزۇنغىچە كارخانىنىڭ
قولىغا تەگمەيۋاتىدۇ . بۇ ئەھۋال دۆلەت ئىگىلىكـ
دىكى كارخانىلارنىڭ يۈكىنىڭ بەك ئېغىرلىشىپ كېـ
تىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم ئامىلنىڭ بىرى .
دۆلەتتىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا
پىلان بويىچە مەبلەغ تەمىنلىگەن ئىكەن ، بۇ مەبلەغ
كارخانىنىڭ قولىغا ۋاقتىدا تېگىپ تەكرار ئىشلەپـ
چىقىرىشقا قاتناشتۇرۇلۇشى شەرت . نۆۋەتتە نۇرـ
غۇنلىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا تەكـ
رار ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىگە ھەل قىلىنغان مەبـ
لەغ كارخانىنىڭ قولىغا تەگمىگەنلىكتىن ، ئىشلەپچىـ
قىرىشنى كېڭەيتكەندىن كېيىنكى ھەرىكەتچان مەبـ
لەغنى پۈتۈنلەي بانكىدىن قەرز ئېلىشقا توغرا
كەلدى ، كۆپ ساندىكى كارخانىلار بانكىنىڭ قەرـ
زىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىدىغان ياكى
نورمال ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
بولۇپ قالدى ، بۇنىڭ بىلەن كارخانىنىڭ بانكىغا
تۆلەيدىغان ئۆسۈمى ھەسسىلەپ ئېشىپ كارخانا
يۈكىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى .
مەسىلەن ، رايونلۇق نېفىت باش شىركىتى يۇقىرىغا
زاپاس ماي ساقلايدىغان نېفىت ئىسكىلاتى سېـ
لىشقا مەغلەغ ھەل قىلىپ بېرىشنى يىلمۇ - يىل تەـ
لەپ قىلغان بولسىمۇ ، ھەل قىلىنمىدى ، يېزا ئىگـ
لىك مىنى ۋە ھەربى قىسىمنىڭ مېيىغا يۇقىرىدىن
سەپلەپ بەرگەن باھا پەرقى مەبلىغى يىل ئاتلاپمۇ
كارخانىمىزنىڭ قولىغا تەگمەي ، ئاخىرى بېرىپ بانـ
كىدىن قەرز ئېلىپ نورمال تىجارەت پائالىيىتىنى داـ
ۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق . ھازىر بانكىدىن
ئالغان قەرزىمىز 480 مىليونغا يەتتى ، 94 - يىلى
بىر يىل ئىچىدە بانكىغا تۆلىگەن قەرز ئۆسۈمى 53
مىليونغا يەتتى . ھازىر بىزگە ئوخشاش نۇرغۇنلىـ
غان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ بانكىغا
تۆلەيدىغان قەرزى ۋە ئۆسۈمى ھەسسىلەپ ئېشىپ
كارخانىنىڭ پۇت قولى چۈشلىپلا قالدى ، ئىشلەپ
چىقىرىش داۋاملىق ئارقىغا چېكىنىۋاتىدۇ . بۇ ئەھـ
ۋال داۋاملىشىۋەرسە ، كارخانىلار بىر بىرلەپ ۋەيـ
ران بولىدۇ . شۇڭا ، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك
تارماقلىرى ئىتراپ قىلغان كارخانىنىڭ ئىشلەپچىـ
قىرىشنى كېڭەيتىشكە زۆرۈر بولغان تېخنىكا ئۆزـ
گەرتىش تۈرلىرى بولسىلا ، ئۇنىڭغا كېرەكلىك مەبـ
لەغنى دۆلەت بىر تۇتاش ھەل قىلىپ بېرىشى كېـ
رەك ، ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتكەندىن كېـ
يىنكى كېرەكلىك بولغان ھەرىكەتچان مەبلەغنىمۇ
پىلان بويىچە ئارقىغا سۈرمەي ھەل قىلىنىشى كېـ
رەك . دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش تارماقـ
لىرى كارخانىلارغا يار يۆلەك بولۇشى ، مالىيە ،
بانكا قاتارلىق ئورۇنلارمۇ كارخانىلارغا ئېغىزىدا
ئەمەس ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن مەدەت بېرىشى
كېرەك . پۈتۈن پارتىيە ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە
ئىختىساد باشقۇرۇش تارماقلىرى ، ھەر ساھەلەر
كارخانىنىڭ خىزمىتىنى قوللىغاندا ، ئاندىن كارـ
خانىلىرىمىز روناق تاپالايدۇ ، دۆلەت ئۈچۈن ،
جەمئىيەت ئۈچۈن بايلىق يارىتالايدۇ .

# سۈپەت مۇئەييەنلىكى - بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى

سۇلايمان نىياز

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. مەن بۇلتۇر، سانىنىلا تەكىتلىگەن بىلەن بولمايدۇ. ئالدى بىلەن سۈپەتنى تەكىتلەش كېرەك دېگەنىدىم. ئېكسپورت ئۈچۈن بازار تېپىشنىڭ ئاچقۇچى سۈپەتنى ئۆستۈرۈشتە، سۈپەت يۇقىرى بولمىسا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. تاشقى سودىدىكى پاسسىپ بالانسنى يىلمۇ - يىل ئازايتىپ بېرىش، بىر ستراتېگىيىلىك مەسىلە. ئۇنداق قىلمىساق، ئىقتىساد ئۇزاققىچە ئىزچىل ھەم مۇقىم تەرەققىي قىلالمايدۇ - دە، ھامان بىر كۈنى ئارقىغا چېكىنىپ كېتىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. (3 - توم 326 - بەت).

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئېشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئاتلانغاندىن بۇيان، ئىقتىسادتا يۈكسىلىش بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە بىر قەدەر ھەل بولدى. بۇنىڭدىن كىشىلەر تولىمۇ رازى. بىراق، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ئىستېمال قىلىش جەھەتتە، بۇ مەھسۇلات قاچان ئىشلەپچىقىرىلغان؟ قەيەرنىڭ؟ چەت ئەلنىكمۇ؟ دەپ سوئال قويۇپ، ئاندىن مال سېتىۋالىدىغان ئەھۋاللار خېلىلا ئەۋج ئالدى. ھەتتا بۇ مالنىڭ ماركىسى ساختىمۇ ياكى ئۆزىنىكىمۇ؟ دېگەن گۇمانلار تۇغۇلۇپ، مال سېتىۋېلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل قىيىن مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. دەرۋەقە، مەيلى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا، مەيلى يېزا ئىگىلىكى، سانائەتكە ۋە باشقا ساھەلەرگە كېرەكلىك

ھاللارنى سېتىۋېلىش توغرا كەلگەندە، يۇقارقىدەك سوئاللارنى قويماي مال سېتىۋالغاندا، ئاياق سېتىۋالسا ئاياقنى پۇتقا سېپىپ بولغىچە پاشنىسىدىن ئاجراپ كېتىدىغان، رەخ سېتىۋالسا مېترلاپ بولغىچىلىك يىرتىلىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كىشىلەرنى تولىمۇ بىزار قىلماقتا.

بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بارلىققا كېلىپ، بازار ئىگىلىكى رىقابىتى مۇكەممەللىشىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، سۈپەتسىز ماللار كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، ھەدەپ بازارلارنى ئىگىلىسە، يالغان، ساختا ماركا چاپلانغان سۈپەتسىز ماللار كەڭ ئىستېمالچىلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتسا، قانداقمۇ بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى گۈللەندۈرگىلى بولسۇن؟! قانداقمۇ ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ قەدىمىنى تېزلەتكىلى بولسۇن؟! قانداقمۇ خەلقئارالىق ئىقتىسادى رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغىلى بولسۇن؟! قانداقمۇ ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتا ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرغىچە ياراتقان مەدەنىيىتىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان تېخىمۇ ئىلغار، تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ يۈكسەك بولغان مەدەنىيەت ياراتقىلى بولسۇن؟! ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداپ تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان پۇشايمانغا قالىمىز. بۇ يەردىكى تۈپكى مەسىلە ئەستايىدىل بولماسلىقتا، ئېغىزدا سۈپەتكە «ئەستايىدىل» مۇئامىلە قىلىشنى تەكىتلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشتەك سۈپەتكە «ئەستاي-

دىل» مۇئامىلە قىلمايدىغان ھالەتنىڭ يەنىلا بازار تېپىشىدا.

ئادەتتە ھەر بىر زاۋۇت، كان ـ كارخانا ۋە باشقا ئورۇنلاردا مەخسۇس سۇپەت تەكشۈرۈش خادىملىرى، ئاپاراتلىرى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەخسۇس سۇپەت تەكشۈرۈش بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. لېكىن، ئۇلار ئارىسىدىكى بەزى ئادەملەر ئازراق نەپنى دەپ ئۆزلىرىنىڭ ۋە زاۋۇت، كان ـ كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى قىلچە ئويلىمىدى. ھە دېسىلا سانىنى قوغلىشىپ، سۇپەت بىلەن قىلچە كارى بولمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان ماللاردىن كىشىلەر ۋابا ئىلاھىدىن قورققاندەك ئۈركۈپ كېتىپ، ئۇ ماللارنى ئېلىپ ئىشلىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاخىرى شۇ زاۋۇت، كان، كارخانا ئورۇنلار ئىشلەپچىقارغان ماللارنىڭ خېرىدارى يوق، ئۇلار ۋەيران بولۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر بىر ئىنقىلابچى كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. بۇنىڭ ئۈچۈن: سۇپەت تەكشۈرگۈچى خادىملار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلىرىنى «ئەستايىدىل» تەكشۈرۈشى؛ ئىشلەپچىقارغۇچىلار، سۇپەت تەكشۈرگۈچى خادىملارنى «ئەستايىدىل» نازارەت قىلىشى، سۇپەت تەكشۈرگۈچى خادىملار بىلەن ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىستېمالچىلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئىستېمالچىلارنىڭ ئىنكاس تەلەپ ۋە ياردەم پىكىرلىرىنى «ئەستايىدىل» ئاڭلىشى؛ سۇپەت مۇئەييەنلىكى توغرىسىدا قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، سۇپەت مۇئەييەنلىكى ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. يالغان، ساختا ماركىلىق ماللارنى ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ يوقىتىش كېرەك. چۈنكى، بۇنىڭدىن كەڭ ئىستېمالچىلارغا كېلىۋاتقان ئاپەت ئاز ئەمەس. گەرچە يالغان، ساختا ماركىلىق ماللارنى ئېلىپ ساتقۇچى، ساختىپەزلەرگە خەلقىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز ھەر تەرەپلىمە توساپ زەربە بېرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار پۇرسەت يار بەرسىلا چېكىدىن ئاشقان جىنايى قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، كەڭ خەلق ئاممىسى سىياسى ـ قانۇن، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرى باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ۋە باشقا ئورۇنلارغا ئۆز ئارا ماسلىشىپ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، يالغان، ساختا ماركىلىق ماللار قەيەردە ئۇچرىسا ياكى سېزىلسە شۇ يەردە ئەجەللىك دەككىسىنى بېرىپ تۇسۇشىمىز ھەم قايتا شەكىللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم. قىسقىسى، يۇقىرىقى خىزمەتلەرنى ئىشلەشتىكى تۈپ مەسىلە ـ «ئەستايىدىللىقتا»، «ئەستايىدىل» لىق ئورتاقلىقتا ئىگە بولغاندا، سۇپەت ئېڭىنى يۇقىرى كۆتەرگىلى بولىدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ: «دۇنيادا قورقۇش توغرا كەلسە «ئەستايىدىل» لىقتىن قورقۇسا بولىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە «ئەستايىدىل» بولۇشقا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ»① دەپ كۆرسەتكەن. ئەگەر ھەر بىر سۇپەت تەكشۈرگۈچى خادىم ۋە ئىشلەپچىقارغۇچى «ئەستايىدىللىقتا» ئەھمىيەت بەرسە، بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ ئەمگىكىدىن ئۆزى سۆيۈنىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ سان ـ سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلالايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىلغان ئەمگەك مەھسۇلاتىدىن باشقىلار (ئىستېمالچىلار) تولۇق بەھىر ئېلىپ ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. تۆتىنچىدىن، ئىشلەپچىقارغۇچىلار سان ـ سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا ئىشلەپـ

---

① «ماۋزېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە» 1970 ـ يىل يېڭى يېزىق نەشرى 194 ـ بەت

www.uyghurkitap.com

چىقىرىش ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ماڭالايدۇ. بەشىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ ئىشلەپچىقىرىلغان ئەمگەك مەھسۇلاتى ئارقىلىق خەلقئارا ئىقتىسادىي رىقابەتكە قاتنىشالايدۇ. ئالتىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىلغان ئەمگەك مەھسۇلاتى بازار تېپىپ بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۆھپە قوشۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازادلىقى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولالايدۇ. يەتتىنچىدىن، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت غەزىنىسىگە تېخىمۇ ئىلغار، تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ مول مېۋىلەرنى قوشالايدۇ.

بىزدە «خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك» دېگەن گەپ بار. مەيلى ئادەم (دېھقان، ئىشچى، ئوقۇتقۇچى، يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكار ۋە ھۈنەرۋەن) بولسۇن، مەيلى ئىشلەپچىقىرىلغان ياكى تەبىئىي مەھسۇلات (تۇرمۇشقا، يېزا ئىگىلىكىگە، سانائەتكە ۋە باشقا ساھەلەرگە كېرەك) بولسۇن، بۇلارنى سۈپىتى ياخشى بولسا، ئۇنىڭ مەلۇم قىممىتى بولۇپ كىشىلەر ئۇنىڭدىن بەھىر ئېلىشكە ئىنتىلىدۇ. ئەگەر سۈپىتى ناچار بولسا، ئۇنىڭغا كىشىلەر يېقىن يولۇقمايدۇ ھەم ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردىكى ئاچقۇچ ـ سۈپەت مەسىلىسىدۇر.

سۈپەت ـ بىر شەيئىنى باشقا بىر شەيئىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئىچكى مۇئەييەنلىكتۇر. بۇنداق مۇئەييەنلىك مەلۇم بىر شەيئىنىڭ مۇئەييەنلىكىنى بەلگىلەپ، بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر، ئادەملەر بىلەن ھايۋاناتلار، جانلىقلار بىلەن جانسىزلار، ھايۋاناتلار بىلەن ئۆسۈملۈكلەر، تەبىئىي ماددىلار بىلەن خىمىيىۋى ماددىلار، ئورگانىك ماددىلار بىلەن ئورگانىك بولمىغان ماددىلار، خىمىيىلىك ئۆزگىرىش بىلەن فىزىكىلىق ئۆزگىرىشلەر، پۇل بىلەن كاپىتال، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بىلەن كاپىتالىستىك دۆلەتلەر، سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى پەرقلەر ئەنە شۇ شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس سۈپەت مۇئەييەنلىكىگە ئىگە بولغانلىقىدىن ھاسىل بولغان.

سۈپەت — ئوخشاش شەيئىلەر بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىپ تۇرىدۇ. ھەر قانداق شەيئى مۇئەييەن سۈپەت مۇئەييەنلىكىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا، ھەر قانداق شەيئىنىڭ سۈپەت مۇئەييەنلىكى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سان مۇئەييەنلىكىمۇ بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ سان مۇئەييەنلىكىمۇ، سۈپەت مۇئەييەنلىكىمۇ ئوخشاشلا شەيئىلەرگە خاس بولغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتتۇر.

شەيئىلەرنىڭ سۈپىتى بىلەن سانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا باغلىنىش بولىدۇ. سۈپەت سانىنى بەلگىلەيدۇ. يەنى مۇئەييەن سان سۈپەتنىڭ شەرتى بولىدۇ.

دېمەك، سان بولمايدىكەن سۈپەتمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، سان بىلەن سۈپەتنىڭ بىرلىكىنى ئۆلچەم دەپ ئاتايمىز. بىز ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلايلى ياكى ئۇنىڭغا باھا بېرەيلى «مۇۋاپىق بولۇش» ئۆلچەم پرىنسىپىنى ئالدىنقى شەرت قىلىمىز. بۇ ھەر بىر شەيئىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، ھەر قانداق شەيئىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى، كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئىگىلىشى، سان بىلەن سۈپەتنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا سېزىلىدۇ ھەم ئۆلچىنىدۇ.

بازار ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تەرەققىياتىنىڭ ۋە تاۋار ئوبوروتى كېڭەيگەنلىكىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولۇپ، تار مەنىدىن ئېيتقاندا، تاۋار

ئېلىش ـ سېتىش سورۇنى، كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا، تاۋار ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى.

بازار ئىگىلىكى ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلەرنىڭ بازارلىشىشى بولۇپ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، بارلىق ئىقتىسادى پائالىيەتلەرنىڭ سوبيېكتى بازار ئارقىلىق ئالاقە ئورنىتىدۇ. بارلىق ئىقتىسادى ھەرىكەتلەر قىممەت قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىدۇ. بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى تاۋار سۈپىتىدە بازارغا كىرىدۇ. بازار مېخانىزمىنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، رىقابەت ۋە باھا پىشاڭىنىڭ رولى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ يۆرۈشۈپ تۇرۇشى ۋە بايلىقنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا بېسىم ھەم ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچى بېرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى يۈكسەك دەرىجىدىكى ئۆز ئالدىغان ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا، بازار ئۆچۈرىغا ئاساسەن ئىگىلىك باشقۇرۇش تەدبىرىنى بەلگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىدۇ. بازار ئىگىلىكىلا بولىدىكەن، ھەممە بۇ ئورتاقلىققا بويسۇنۇش كېرەك. بىز بەرپا قىلىۋاتقان ۋە تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولغان بازار ئىگىلىكى باشقا نەرسە بولماستىن، دەل سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى بازار ئىگىلىكى ئۆلچىمىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ بازار ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئورتاقلىقىغا ئىگە بولۇپ، سان بىلەن سۈپەتنىڭ بىرلىكىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى پارتىيىمىز تارىخىدىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ھازىرقى كونكرېت ھالىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ يېڭىچە بىر يۈكسىلىش ھالىتى يەنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىنقىلابىنى باشلىۋەتتى. بۇ ئىنقىلاب تۆت ئاساسى پرىنسىپنى يېتەكچى قىلىپ ئېلىپ بېرىلىپ، پىلانلىق ئىگىلىكتىن تاۋار ئىگىلىكىگە، تاۋار ئىگىلىكىدىن بازار ئىگىلىكىگە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ئاساستا يۈزلەندى. بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ھەم تەرەققىي قىلىشىدىكى ئەڭ ئاساسى يېزىلىنىش بولۇپ، سان بىلەن سۈپەتنىڭ بىرلىكىنى ھەممىدىن بەك تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپنى ئورۇنداش ئۈچۈن، مېنىڭچە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەش كېرەك:

1) ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار (پىشقىلاپ ئىشلەپچىقىرىلغان ۋە تەبىئى مەھسۇلاتلار)نىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇش ـ بولماسلىقىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بېكىتىش.

2) بازار ئۆچۈرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەمىنلەش، ئېھتىياج بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەستايىدىل توغرا بىر تەرەپ قىلىش.

3) ھوشىيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ساختا، ناچار ماللارنىڭ بازارلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇشىنى چەكلەش ھەم ئۇلار سېزىلگەن ھامان قانۇن بويىچە قاتتىق چارە كۆرۈش.

4) بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ماس كېلىدىغان ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر بىر قاتار جانلىق قائىدە مىزانلارنى تۈزۈپ، ئۇنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش.

5) يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزىرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن ـ نىزاملار تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش.

6) ئاممىۋى لۇشيەن بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك قائىدە ـ قانۇن، مىزانلارنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ـ قىلىنماسلىق ئەھۋالىنى ئەستايىدىل نازارەت قىلىش كېرەك.

# ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مەركەزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قارىتىلغان كونكرېت سىياسەتلىرىنى ھەقىقى تۈردە ئەمىلىلەشتۈرۈشى لازىم

ئابدۇراخمان باقى

مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 56 ـ ماددىسىدا : « دۆلەت تۈرلۈك خاس مەبلەغلەرنى ئاجرىتىپ ، مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادى قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يار ـ يۆلەكتە بولىدۇ » دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ قانۇنىنىڭ 61 ـ ماددىسىدا يەنى : « يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ، مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش ۋە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ، ئىقتىسادى تەرەققى قىلغان رايونلارنىڭ مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن ئىقتىسادى ھەمكارلىق ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىلاتچانلىق قىلىش ۋە مەدەت بېرىشى لازىم » دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىلەردە ( قانۇندا ) پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قىلغان ئالاھىدە غەمخورلىقى ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ھەممىزگە مەلۇم ، دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيىتى ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش — جۇڭخۇا ئېلىنى ئورتاق ھالدا گۈللەندۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى . چۈنكى ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىدىن ھەرگىزمۇ ئايرىلالمايدۇ. ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ كۆلىمى ، دۆلىتىمىز ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 60% دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ دائىرىسى كەڭ ، بايلىقى مول ، شۇڭا ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيىتىنى ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئورتاق ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇپ ، ۋەتىنىمىزنى باي ، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى تارىختىن قېپ قالغان ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى پەيدىن ـ پەي تۈگىتىپ ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت جەھەتتە تەرەققى قىلغان ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا يەتكۈزۈشنى ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىپ ، غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى .

دۆلەت ھەر يىلى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مالىيە جەھەتتىن قوشۇمچە ياردەم ، ھەر خىل قەرز پۇل ، قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى تارقىتىپ ، ( 1950 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە جەمئىي 83 مىليارد 900 مىليون يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى بېرىپ ) ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىپ كەلدى .

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز

سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىلىدىغان تۈرلۈك ياردەم ۋە يار ـ يۆلەكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ، «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇلى» ، «چېگرا رايون ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپ ، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدىغان پۇل» ، «چېگرا رايوننىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇل» ، «ئىقتىسادى تەرەققى قىلمىغان رايونلارغا ياردەم قىلىنىدىغان تەرەققىيات فوندى» قاتارلىق مۇقىم ياردەم پۇللارنى ئارقا ـ ئارقىدىن تەسىس قىلىپ يولغا قويۇش بىلەن بىرگە يەنە ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن ئالاھىدە جانلىق بولغان ئىقتىسادى سىياسەتلەرنى ۋە تەدبىرلەرنى قوللاندى. مەسىلەن: باجنى كېمەيتىش ، كەچۈرۈم قىلىش ، سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق ۋە چارۋىنى كېمەيتىش ـ كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق بىر قاتار سىياسەتلەرنى قوللاندى. دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. بۇلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى.

پارتىيە ۋە دۆلەت يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ ، خاس مەبلەغلەرنى ئاجرىتىپ ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ ، ئۇنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، مائارىپىنىڭ ، نامراتلىقنى ئۆزگەرتىشنىڭ كۈچلۈك ئاساسى قىلغان بولسىمۇ ، بىراق ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، مائارىپ ، ئىشلىرىنىڭ ئاساسى تېگى ـ تەكتىدىن ئاجىز بولغان بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلىق ۋە قالاقلىق قىياپىتىدە بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ، بېكىنىۋېلىش ئىندىيىسى ، يۆلىنىۋېلىش كۆز قارىشى يەنىلا ساقلىنىپ كەلمەكتە ، بۇ رايونلاردا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرى تولۇق ئەمەللەشتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. شۇڭا ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كونكرېت سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ھەقىقى تۈردە ، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن:

1) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشنى كۈچەيتىپ ، بۇ قانۇندىكى پرىنسىپلارنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەبىئى شارائىتىغا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئالاھىدە جانلىق بولغان سىياسەتلەرنى قوللىنىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم.

2) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا دۆلەت مالىيە كۈچى ، ماددى كۈچ ۋە تېخنىكا كۈچى جەھەتلەردە زۆرۈر بولغان ياردەملەرنى بېرىپ ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ، مائارىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ، خەلق ئېگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشكە يار ـ يۆلەكتە بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

3) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى خام ئەشيا يەتكۈزۈپ بېرىش ، سانائىتى تەرەققى قىلغان ئىلغار رايونلار ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەپ سېتىش ، شۇ ئارقىلىق ئىلغار رايونلار ئىلغار تېخنىكا ، ئىلغار ئۈسكۈنە قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەپ ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان يېڭى زاۋۇتلارنى قۇرۇپ ، ئاز سانلىق مىللەت-

لەرگە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشنى تېزلىتىش لازىم.

4) دۆلەت مەنپەئەتگە ۋە يەرلىكتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتگە تەڭ ئېتىبار بېرىش بىلەن، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كۆپرەك نەپ ۋە پايدا يەتكۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە پەن تېخنىكا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ھازىر بار بولغان ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەرنى زامانغا لايىق ھالدا ياخشى باشقۇرۇپ، مىللىي ئوقۇتقۇچىلار، مىللىي تالانتلار ۋە پەن تېخنىكا خادىملىرىنى، ئىقتىسادشۇناسلار، ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئورتاق ھالدا جۇڭخۇا ئىلىنى گۈللەندۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىش لازىم.

5) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كونكرېت سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ھەققىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئارىسىدا تارىخى، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاز، مەدەنىيەت، مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۆپ، ئىقتىساد بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاز، قارا كۈچ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ، پەن ـ تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاز، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىچىدە سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ، ئىقتىسادى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاز بولۇشتەك غەيرى نورمال ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىچىدە ئىقتىسادنى بىلىدىغان، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىغا باي بولغان تالانت ئىگىلىرى، ئىقتىسادشۇناسلار، ئاگرونوملار، ئىنژېنېرلار، پەن تەتقىقات خادىملىرى، لاھىيىلىگۈچىلەر، باش دېرىكتورلار، بانكىرلار، بوغالتىرلار، كاسسىرلارنىمۇ كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى پىلانلىق قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

△ دۈشمەننىڭ ئالدىمغا چۈشمە ۋە مەدداھنىڭ ماختىشىنى بىر تىيىنگە ئالما، چۈنكى ئاۋالقىسى ھېيلىگەرلىك تورىقىنى قۇرىدۇ، كېيىنكىسى تاماخورلۇق ئېغىزىنى ئاچىدۇ.
ئەخمەق ئادەمگە ماختاش ياقىدۇ، نىمە قىلىنغان گۆشنىڭ توپىقىدىن پۇۋلەپ يەل بەرسەڭ، سېمىز كۆرۈنىدۇ.
△ نادان بىلەن سۆز تالىشىپ قالغان دانا كىشى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىشنى كۈتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر نادان كىشى دانانى سۆزدە يېڭىۋالسا، ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى، تاشمۇ گۆھەرنى پارچىلاپ تاشلايدۇ؟

— شەيخ سەئدى

# ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

1

قۇمۇل دىيارى — ئەزىز دىيار، ئانا دىيار،
ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ھەر قايسى
تارىخىي دەۋرلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە
قۇمۇل مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان ئالتۇن بۆشۈك.

قۇمۇل دىيارى — شەرقتە يىراق ھىڭگان تاغ-
لىرىدىن، غەربتە پامىر تاغلىرىغىچە بولغان ئارى-
دا خۇددى قاتار تىزىلغان كارۋان تۆگىلىرىدەك
ئۆتۈشكەن چىلەنشەن ۋە تەڭرى تاغلىرى تىزمىسى-
نىڭ ئوتتۇرا كىندىكىگە جايلاشقان. قۇمۇللۇقلار
تاغلىق جىلغا، مۇنبەت زېمىن ۋە قۇمساڭ يايلاق-
تىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىتنى بىر گەۋدە قىلغان زېمىن-
دا ياشاپ، قۇمۇللۇقلارغا خاس تۈيغۇنلۇق،
پولات ئىرادە ۋە ئەركىن روھىيەتنى يېتىلدۈرگەن.

قۇمۇل دىيارى — قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز
ئەڭ دەسلەپ ئىجتىمائىي ھاياتقا قەدەم قويغان
ئىپتىدائىي ماكانلارنىڭ بىرى. يەتتە قۇدۇق، تا-
رانچى ئەتراپىدىن كونا تاشقورال دەۋرى ئاخىرى-
غا مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان.
قۇمۇل دىيارىنىڭ قويىندىكى قەدىمكى ئىزلاردىن
قارا دۆۋە، يانبۇلاق، مىياۋئەرگۇ، كارساڭ، شى-
رىنزى (بالپاللىق) قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان
تاش سۆڭەك ۋە قىسمەن تۇچ بۇيۇملار، سېپتە،
رەڭدار يۇڭ كىيىملەر بىلەن سىلىق ئەيلەنگەن تېرە
كىيىملەر، رەڭدار قۇم ساپال ئىدىشلار بۇ جاي-
دىن تېپىلغان ئوراكۆز، قاڭشالىق، ئۈچلۇق تۇ-
ماقلىق ئادەم جەسەتلىرىنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت
باسقۇچىدا نەپىسلىككە ھېرىسمەنلىكىنى كۆرسەت-
تى. قارا دۆۋە بىلەن بارىكۆل جاساڭ قەدىمكى
ئايال جەسەتلىرىنىڭ چاچلىرىنى تورغا ئېلىشى،
ئۇزۇن ئۆرۈلگەن چاچنى چاچ خالتىسىدا ساقلى-
شى، چاچقا يىك (زىخچە) ئىشلىتىشى ئۇلاردا
ئىستېتىك قاراش ۋە تەلەپنىڭ ئۆسۈپ بېرىۋاتقان-
لىقىنى كۆرسەتتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 مىڭىن-
چى يىللاردا ئۇلار شىمالىي يېرىم شار بويىچە ئەڭ
دەسلەپ ئاتنى كۆندۈرگەن. تېرىق نان، ئارپا
باشاقلىرى بىلەن قوقاس بولۇپ قالغان بۇغداي
دېنىنىڭ تېپىلىشى، ئاھالىدە تېرىقچىلىق ۋە ئولتۇ-
راقلىشىشنىڭ قىسمەن باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

قۇمۇل دىيارى — قىيا رەسىملىرى يېتەرلىك
تېپىلغان نۇقتىلارنىڭ بىرى. قۇمۇل دىيارىدا كۆچ-
مەدۆلەتلەردىن باشقا يەنە لاپچۇق (ناجىكەنت)
قاتارلىق بىر مۇنچە قەدىمكى شەھەر - قەلئە خا-
رابىلىرى ساقلانغان. بۇ قەدىمكى ئېۋىرغول خان-
لىقىنىڭ كۆپ شەھەر - قەلئەلىك مەدەنىيەت چەمبى-
رى بولغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

قۇمۇل دىيارى — قاتناش ۋە ئالاقە قانىلى
ئىدى. ئەڭ قەدىمكى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى»،
غەربى دىيار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئالاقىلىرى-
غا ئائىت بىر قاتار ئەپسانە رىۋايەتلەر مۇشۇ قا-
نالغا تۇتاشقان. قەدىمكى غوزلار، دىلار، يۇر-
چىلار، ئۇيسۇنلار، ساكلار، چاڭلار، ھونلار بى-
لەن مىلادىدىن ئىلگىرىراق باشلانغان «ئۇلۇغ يې-
پەك يولى» مۇشۇ قاتناش ۋە ئالاقە قانىلىغا تارى-
خىي جۇلا قوشقان. مانىزم بىلەن بۇددىزم مەدەنى-
يىتى يەنە مۇشۇ قانال ئارقىلىق غەربتىن شەرققە
تارقالغان. مۇشۇ قانال ئىچكى ئۆلكىلەرگە، بو-
لۇپمۇ خۇاڭخې ۋادىسىغا يۈزلەنگەن يىپەك يولى
مەدىنىيىتىنى سۈزگەن، ئۇنى سەددىچىننىڭ ئىچىگە

www.uyghurkitap.com



مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئاندىن راۋان قىلغان.

2

قومۇل دىيارى — ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ
ئەجدادلىرى فولكلور مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەڭ
قەدىمكى مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى بەرپا قىل-
غان مۇھىم بىر سەھنە. بىز قومۇل دىيارىنى ئوراپ
تۇرغان تاغ - جىلغىلاردىن بىر قاتار ئۇسسۇللۇق
كۆرۈنۈشلەر تەسۋىرلەنگەن قىيا رەسىملىرىنى كۆ-
رىمىز.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەستۇرلىرىدىن «لوي
شى چۈنچۇ» ناملىق كىتابتا، خۇاڭدى پادىشاھ
كۈللۈن تېغىنىڭ غەربىگە لىڭ لۇن دېگەن كىشىنى
مۇزىكا كۈيلىرى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكى رى-
ۋايەت قىلىنغان. بۇ تاغ ھازىرقى چىگچەيدىكى
كۈللۈن تېغى بولۇپ، ئۇنىڭ غەربى قومۇل ئەترا-
پىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«جۇ ئەدەپ-قائىدىلىرى» بىلەن «چى قەب-
رىگاھلىقىدىن چىققان سالنامە» دېگەن كىتابلاردا
يېزىلىشىچە، تۆت تەرەپتىكى غەيرى خەلقلەر مۇزى-
كىلىرىنى تى لو دېگەن مۇزىكا ماھىرى ئۆزلەشتۈر-
گەن. «رىيا»، «موتىيەنزى تەرجىمە ھالى» نام-
لىق كىتابلاردا جۇموۋاڭنىڭ غەربكە ساياھەت قى-
لىپ پاتىشاھ ئانىنىڭ مۇزىكا-ئۇسسۇللۇق بەزمىسى-
گە قاتناشقانلىقى يېزىلغان. چۇنچۇ-جەنگو دەۋ-
رىدە دىغار خەلقىنىڭ دۇمباق-كانايىدىن ئىبارەت
ھەربىي مۇزىكىسى بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان يازما مەلۇماتلار
گەرچە رىۋايەت شەكلىدە بولسىمۇ، بىزگە تاكى
خۇاڭدى زامانىدىن باشلاپلا غەربىي دىيارنىڭ
ئەل نەغمىگە مەشھۇرلىقى توغرىسىدا ئىزچىل ئۇ-
چۇر بېرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى مەدەنىيەت ئالاقىلىرى
قومۇل دىيارى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بول-
ماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. «نۇر گېزىتى» نىڭ
1954 - يىللىق سانىغا «شىنجاڭ ھەققىدە مەنسى
بىلەن ناخشا ۋە ئۇسسۇل يۇرتىدۇر» دەپ يېزىلغان-
لىقى تاسادىپىي ئەمەس، ئەلۋەتتە.

3

غەربىي خەن دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى-
دە قومۇل دىيارىمۇ ھونلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئى-
دى. بۇ چاغدا ساك - ئارى، ھون، قاڭقى -
خۇجيە، يۇرچى، ئۇيسۇن ۋەقسىمەن چاڭ قەبىلى-
لىرى چوڭ يۆتكۈلۈش ۋە ئارىلىشىش جەريانىنى
باشتىن كەچۈردى.

رەسمىي بىر قانچە تارىخ يىلنامىلىرىدا قەيت
قىلىنىشىچە، غەربىي خەن دەۋرىدە غەربىي رايونغا
ئەۋەتىلگەن مەشھۇر تارىخىي شەخس جاڭچەن
(مىلادىدىن ئىلگىرىكى 126 - 138 -يىللار) قو-
مۇل دىيارىدىن «موخې دۇلې» (ماھادۇر) ئۇلۇغ
كۈيىنى چاڭئەنگە تونۇشتۇرغان. بۇ كۈي قانداق
ۋاستە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغانلىقى مەلۇم بولمى-
سىمۇ، خەن ئوردىسىدىكى نەغمە شۇناس لى
يەنىيەن بۇ ئۇلۇغ كۈيگە ئاساسلىنىپ «قورۇلدىن
چىقىش»، «قورۇلغا كىرىش»، «قۇۋۇقتىن چى-
قىش»، «قۇۋۇقتىن كىرىش»، «سەپەرچىگە تەلمۈ-
رۈش» قاتارلىق 28 نەغمە ئىشلىگەن.

بۇ بىزگە، جاڭچەن قومۇل دىيارىدىن ئېلىپ
كەتكەن «ماھادۇر» چوڭ كۈي بىر يۇرۇش مۇجەس-
سەملىك ئالامەتكە ئىگە مۇزىكىلىق تىزىلما ئىكەنلى-
كىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا لى يەنىيەن
ئۇنىڭدىن 28 نەغمە ئىشلىمىگەن بولاتتى.

بۇ بىزگە، «ماھادۇر» ئىبارىسىنىڭ ساك -
ئارى تىلى بويىچە «چوڭ كۈي» دېگەن سۆز ئې-
كەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «ماھا» ئىبارىسى بۇددا
ئىبارىسى بولماي، ساك - ئارى ئىبارىسى بو-
لۇپ، ئۇ كېيىنچە ئەنەتكەك لېكسىكسىغا قوشۇل-
غان. روشەنكى، قومۇل دىيارىدىكى قەدىمكى قەبى-
رىلەردىن چىققان جەسەت ۋە بۇيۇملار ساك - ئا-
رى - ئوغۇزلارغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر

خەلقىنىڭ يىراق ئەجدادلىرىدىن ئىكەنلىكى شۈبھىسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى قۇمۇل مۇقاملىرى تەركىبىدە باشتىلا «ئۇلۇغدۇر مۇقامى» ئوينۇلۇپ كەلمەكتە.

«دۇر» ئىبارىسىنى بىز «ماھادۇر» كۈيىدىن باشقا، يەنە مىسىردا مۇقام مۇزىكىلىرىنى «دۇر» دەپ ئاتايدىغانلىقىدىن، گىرېكلاردا «دۇرۇس» مېلو دىيىسىنىڭ بارلىقىدىن ئاڭلايمىز. مېنىڭچە، يەرلىك ھىندىلارنىڭ «راگا» ئىبارىسىدىن پەرقلىق بولغان «دۇر» ئىبارىسى سومېر ۋە سكىتاي ئارىلىرى تەرىپىدىن ئىگەي دېڭىزى ساھىلىغا ئېلىپ بېرىلغان. مىسىرلىقلار بۇ ئىبارىنى تولۇنخان (868 - 905) ئىخشىدىلار سۇلتانلىقى (935 - 969) قاتارلىق مەركىزى ئاسىيالىق تۈرك خانلىرى بۇ جايغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردىن كېيىن قوبۇل قىلغان.

بۇلاردىن باشقا، لى يەننيەننىڭ ياڭگۇەن قوۋۇغى ۋە قۇرۇلنى، سەپەرچىنى تېما قىلىپ ئاھاڭلار ئىشلىگەنلىكى، «ماھادۇر» چوڭ كۈيىنىڭ قۇمۇل دىيارى بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

4

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، ئېلىمىزنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدە خەن سۇلالىسىدىن تاكى سۇي - تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇزىكا كۈيلەر ئېنىقلا خاتىرىلەنمىگەن. «ماھادۇر» دىن سۇجۇيىنىڭ «12 ئىمپىراتسىيەلىك قانۇنى» غىچە، لى يەننيەندىن جىڭ جيەغىچە بوشلۇقنىڭ ساقلانغانلىقى ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئەھۋال. قۇمۇل دىيارى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ «ماھادۇر» دىن تاكى «ئېۋىرغول كۈيى» گىچە ھېچقانداق كۈيشۇناسلىق تارىخىي مەنبەلىرى تېپىلغان ئەمەس. ئەمما، قۇمۇل دىيارىدا چالغۇلار ناۋادىن، ئەل - يۇرت مەشرەپتىن بىر كۈنمۇ خالى بولغان ئەمەس!

«ئېۋىرغول» ئىبارىسى ھون، خەن دەۋرىدىلا مەۋجۇت ئىدى. ئۇ يەرگە ھونلار ھۆكۈمرانلىق مۇئەسسەسى قۇرغان. بۇ جاينى رورانلار، سۇي سۇلالىسى، غەربى تۈرك ياپغۇسى باشقۇرغان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭگۇەن 4-يىلى (630)، «يىجۇ» (ئېۋىرغول ئايمىقى) دەپ ئاتالغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلو 4 - يىلى (1406) «خامى ۋى» (قۇمۇل مۇھاپىزەت ۋىلايىتى) دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

سۇي تاڭدى (605-618) دايېنىڭ 5 - (609) يىلى 6-ئايدا شىلياڭ (جاڭ يې)نى كۆزدىن كەچۈرگەندە ۋەزىر خى جۇي تەشكىللىشى بىلەن ئويۇشتۇرۇلغان بەزمىدە قۇجۇ، ئېۋىرغول ئەلنەغمىلىرى ئوينالغان.

غەربى دىيار ئەلنەغمىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تونۇشتۇرۇلىشىدا جاڭ چەن، لۈيگۇاڭ، ئاسىنا مەلىكەدىن باشقا غەربى ياڭ تۇتۇق بەگلەرى ياڭ جىڭشۇ (杨敬述) گوچېرلىيەن كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان، كەييۈەننىڭ 2 - يىلى (714) تاڭ شۈەنزۇڭ «ئوقۇتۇش مۇئەسسەسى» نى تەسىس قىلدى. كەييۈەننىڭ 5 - يىلى (718) غەربى لياڭ تۇتۇق بېگى چاڭئەندىكى ئوقۇتۇش مۇئەسسەسىگە «ئېۋىرغول كۈيى» نى تونۇشتۇردى. سۇي لىڭچىڭ يازغان «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىسى» دىكى 324 نەغمە قاتارىدا «ئېۋىرغول كۈيى»، «ئەتلەس كۆينەك»، «ئۇيغۇر راھىبى ساماسى»، «كۆكتۈرك سەنەمى»، «بېشبالىق نەغمىسى»، «تاشئاتا»، «باتۇر»، «كۆك پوتا» قاتارلىق مۇزىكا ناملىرى يېزىلغان. سۇي لىڭچىڭنىڭ يېزىشىچە، «ئېۋىرغول كۈيى» نى «ئوقۇتۇش مۇئەسسەسى» دىكى سازەندىلەر 5 كۈن ئۇدا چېلىپ، ياندىن ئايرىماي ئۆگەنگەن.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە، ئالدى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ داڭدار پايتەختى چاڭئەنگە كىرگەن

«ئېۋىرغول كۈيى» بىر مەزگىللدىن كېيىن تەدرىجى خەنزۇ تىڭشىغۇچىلار زوقلىنىدىغان تېكىستلەر بىلەن بەستلىششكە باشلىدى. تيەنباۋنىڭ 13 -يىلى ئەنلۇشەن (رۇشەن بوقارى) توپىلىڭىدىن كېيىن چاڭئەنگە قايتقان تاڭ شۇەنزۇڭ غەربى ديار مۇزىكا - ئۇسۇللىرىنىڭ نامىنى بىر تۇتاش خەنزۇچە نامغا ئۆزگەرتىۋېتىش، تېكىستلىرىنى تېخىمۇ تاڭ نەزملىرىگە ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. بۇ چاغدا خەنزۇچە 5 -7 خەتلىك نەزملەر كالتا كەلگەچكە سوزۇش، قايتىلاش ۋە ئاھاڭ تولۇقلىغۇچى سۆز-تاۋۇشلار قوشۇپ گارمۇنىيىلەشتۇرۇلدى. سوڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ئۇزۇن — قىسقا نەزىم شەكلى قوللىنىلدى ۋە بۇنى «ئېۋىرغول»، «لياڭجۇ» قاتارلىق ئالتە يۇرت نامىدا «ئالتە يۇرت ناخشىلىرى» (六州歌头) دەپ ئاتاشتى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، كومىراجىۋا 4 - ئەسىردىلا بۇددا نوملىرىدىكى نەزملىك قائىدىلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتا بۇ قىيىنچىلىقنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىلا مەۋجۇتلىكىنى كۆرگەن ۋە 5 خەتلىك نەزمنى غەربى ديار يەتتە بوغۇملۇق خەلق بېيىتلىرىگە يېقىن بولغان 7 خەتلىك ھېكمەتدار شېئىر شەكلىدە نوم تەرجىمىچىلىكىنى راۋانلاشتۇرغانىدى.

5

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شائىرلارنىڭ بەزىلىرى «ئېۋىرغول كۈيى»نى مەدھىيىلەپ شېئىرلار يازسا، بەزىلىرى ئۇنىڭغا تېكىستلار ئىشلىگەن.

بەي جۈيى بەرباپ ماھىرى ساۋكاڭغا ئاتىغان بىر شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«چىكىلگەن تارىلاردىن مۇڭ چىقار ھەر نەغمىسى ئەلۋەك،
ئۇنىڭخو نەغمىسى بىلەن ئۇنىڭ سۆز مەنىسى بىردەك»

بۇ يەردە ئەسلى ئاھاڭ ۋە ئەسلى كۈي نەزەردە تۇتۇلغان. «مۇزىكا مۇئەسسەسى نەزملەر توپلىمى» دا يېزىلىشىچە، ئوڭ قول ۋەزىر (جۇملىدىن شائىر ۋە رەسسام) ۋاڭۋېي «ئېۋىرغول كۈيى» نىڭ 5 -نەغمىسىگە جەڭ مەيدانىدا ئۇزۇن يۇرۇپ يۇرت سېغىنغان ھەربى كىشى نامىدا مۇنداق شېئىر يازغان:

«كۆز شاملى، ئاي تولۇن، تەنها يۇرۇيمەن پەقەت،
ئون يىلىم ئوتتى مۇساپىرلىق ئىچىدە رەتمۇ - رەت.
قوشۇلۇپ قوشۇن قاتارى ئەجرى قىلسامۇ، بىراق،
تۇرقا قايتقاندا ئاران يازدىم ئۆيۈمگە نەچچە خەت»

«ئېۋىرغول كۈيى» گە چىن چۈەن قاتارلىق شائىرلار ھەربى مەزمۇندىكى تېكىستلارمۇ يېزىشقان.

ۋاڭ جيەن «قەسرە نەزمىسى» ناملىق شېئىرىدا شياڭ دياۋ ۋەزىنىدە ئېۋىرغول نەغمىسى ئوينالغانلىقىنى مۇنداق ئوقتۇرىدۇ.

«نەيچە ھەم پەيتارلىق ساز تارىلار تەڭكەش بولۇپ،
بۇندا شياڭ ۋەزىندە ئوينالدى ئېۋىرغول كۈيلىرى»

گاۋپىڭ «ناخشىچىغا» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«ئاي راۋاق ئۈستىدە بەگزادە كۆگۈل ئاچتى بۇ ئان،
سازچى قىز كۈيلەپ ئېۋىرغول نەغمىنى قىلدى بايان.
قاپلىغاندەك بولدىمەي داستىخانىنى كۆزگى ھاۋا،
كۆزگە تاشلاندى شۇ دەم قۇرۇل تىنشى سۇسىز ماكان»

ئەينى زاماندا نامەلۇم ئاپتور يېزىپ، دۈڭخۇاڭدىكى تېكىستلەردىن تېپىلغان بىر نەزمدە مۇنداق يېزىلغان:

«چاسا ماش رەڭ پەنجىرە ئىچىدە ئېۋىرغول
نەغمىنى ،
مەس قىلار قىزىل تاۋار مەيخانىدا مەي ئەھـ
لىنى»

ۋىن تىڭجۇن مۇنداق يازغان:

«چۈلسىرەپتۇ ئاڭلىماق تەس بوپتۇ قۇش ئا-
ۋازىنى ،
ئىككى كۆزدىن‌ياش ئاقارتىڭشاپ ئېۋىرغول-
سازىنى»

لوچۇ«خۇڭئەر قىزغا» دېگەن شېئىرىدا كەيىـ
ۋەن يىللىرى ئېۋىرغول نەغمىسىنى ئوقۇيدىغان
خۇڭئەرنى ئەسلەش بىلەن بىللە بۇ نەغمىنىڭ
شۆھرىتىنى مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

«تۇن قىراق ئىلكىدە ئەمما ياڭرار راۋاقتا
خۇش ناۋا ،
باشقا ئۇسۇل ـناخشىلارنى زوق پەقەت كۆر-
مەس راۋا»

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېۋىرغول كۈيى
يەنە «بېشبالىق ئېۋىرغول نەغمىسى»دەپ ئاتال-
دى ، «سۇڭ تارىخى ، مۇزىكا تەزكىرىسى» دا :
«ئېۋىرغول كۈيى غوزنەغمىسىدۇر» دېيىلگەن.
سۇڭ دەۋرى تىياتىرلىرىدا «تۆمۈر تىرناق ئېۋىر-
غول» ، «فى شاۋجۇن (ئورۇندىغان) ئېۋىر-
غول» ، «ئاشپۇزۇل (دا ئوقۇلىدىغان) ئېۋىر-
غول» دېگەندەك نەغمە ـ مۇزىكىلار بولغان. تا-
رىخي مەنبەلەرنى سېلىشتۇرغاندا تاڭ دەۋرىدى-
كى ئېۋىرغول كۈيى مۇڭلۇق بولسا ، سۇڭ دەۋر-
دە جۇشقۇلاشقان. ياپونىيە قاتارلىق جايلارغىمۇ
بارغانىبرى كەڭ تارقالغان. «ئۇلۇغ ياپونىيە تا-
رىخى» ، 347 ـ جىلدىدا بۇ ھەقتە خاتىرىلەن-
گەن.

ئاۋ ياڭ يېڭشۇ مۇنداق يازغان:

«پىرقىرار ئۇسۇل بىلەن تەڭ بەلدىكى رەڭ-
دار پوتا»

يەن جۇ ئوخشاش مەنىدە مۇنداق يازغان:

«چالغۇ ئاۋازىنى باستى ياڭرىغان ناخشا
سازى ،
پىرقىرار ئۇسۇل‌بىلەن‌تەڭ بەلدىكى رەڭدار
پوتا»

جياڭ شيەن سۇڭ نەزمىلىرىدىكى ئۇزۇن-
قىسقا بوغۇملۇق ئۇسلۇبتا يېزىلغان «قىسقا خەت-
لىك مۇلەن ئۇسۇلى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق
يازغان:

«ئويۇنشى ئۇنىڭ ئېۋىرغول ئۇسۇلى تېز پىر-
قىراپ ،
چۇشمىدى بېشىدىكى گۇل سىرىلىپ يەرگە
قاراپ»

بىز زامانلار ئاتلاپ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
ياۋيۇيچۇننىڭ ئۇز شېئىرىدا ئېۋىرغول كۈينى
تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇ بۇنداق يازغان:

«مىڭلىغان‌تاغ ۋە داۋان‌قورشاپتۇ قۇمۇل‌بويىـ
نى ،
بىر كۈنى ئاققار ئوقۇر قايتا ئېۋىرغول كۈيىـ
نى»

بۇ شېئىردا قۇمۇل (خامى) ۋە ئېۋىرغول
(يىجۇ) ئىبارىلىرى بىللە ئىلىنغان.

ئېۋىرغول كۈينىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە
سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋاڭ جۇ (王灼) يازغان
«بى جى مەن جىژ» (碧鸡漫之志) دېگەن كىتاب-
تا مەلۇمات بېرىلگەن. بۇنىڭدا ناخشىسىز باشلى-
نىش مۇزىكىسى ، ناخشىلىق مۇزىكا ۋە ئۇسۇللۇق
ناخشا مۇزىكىسىدىن ئىبارەت 3 قىسىمدىن تەشكىل
تاپقان ، دېيىلگەن. «سۇڭ تارىخى ، مۇزىكا تەز-
كىرىسى» ناخشىلىق باشلىنىش ۋە ئۇسۇللۇق ناخ-
شا مۇزىكىسى دېگەننى تىلغا ئالغان. بۇ ئىككى
مەنبەنىڭ بىرى 3 ، بىرى ئىككى قىسىم دېگەن مەنى-
نى بىلدۈرىدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى «مۇزىكا مۇئەس-
سەسىنىڭ نەزمىلەر توپلىمى» دا ئېۋىرغول كۈينى
10 نەغمىدىن تەشكىل تاپقان دېيىلگەن.

بىز بۇ مەنبەلەر ئاساسىدا «ئېۋىرغول كۈ-
يى» چوڭ ھەجىملىك مۇزىكا مۇجەسسىمى بولۇپ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ياپونىيەدە بىر قاتار ۋارى-
يانتلارغا بۆلۈنگەنلىكىنى ، ئۇنىڭ باشلىنىش مۇ-
زىكىسى ۋە ناخشا ـئۇسۇللۇق مەشرەپلەردىن

تەشكىل تاپقانلىقىنى ، ناخشىلار ياڭراق ، كۆپكىشىلىك بولۇپ ، ئۇسۇللار چاقچاق ئوينىلىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ كىشىنى زوقلاندۇرۇشى باشقا نەغمىلەر ۋە ئۇسۇللاردىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز .

مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا دوڭخۇاڭدىن تېپىلغان تاڭ دەۋرى پىپا نوتىلىرى ئارىسىدا « ئاستا نەغمىلىك ئېۋىرغول » ، « تېز نەغمىلىك ئېۋىرغول » دېگەن ئىككى نوتا تېپىلغان بولۇپ ، شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتوتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى يې دۇڭ تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن .

6

هازىرقى « قۇمۇل مۇقامى » تارىختىكى « ماھادۇر » مۇقامى ، « ئېۋىرغول كۈيى » قاتارلىق مۇزىكىلىق مۇجەسسەملەر ئىچىدىكى ئەسلى قۇمۇل دىيارىغا خاس نۇسقىلىرىنىڭ مىڭلىغان يىللار داۋامىدا يوقۇلۇش ، قوشۇلۇش ، چايقىلىش ، راۋاجلىنىش ئاساسىدا ، بىر قانچە تارىخىي قاتلامنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىنكى ئەنئەنىۋى جانلىق داۋامىدىن ئىبارەت .

شۇ نەرسىنى ئىزاھلاش ھاجەتكى ، هازىرقى قۇمۇل مۇقاملىرى بىلەن تارىختىكى ، بولۇپمۇ مىڭلىغان يىللار پەرقلىنىدىغان تارىختىكى ئۇلۇغ كۈيلەرنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرغاندا ، بىرىنچىدىن ، ئۇنىڭ ئەسلى مەھەللى شەكلى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرا دىياردا ( لياڭجۇدا ۋە چاڭئەندە ) تارقالغان ، ئۆزگەرتىلگەن شەكلىنى ماكان ۋە زامان ، ئېتنىك ۋە مۇزىكىلىق تۈزۈلمە جەھەتتە پەرقلىق قاتلامغا قويۇپ قاراشقا ؛ ئىككىنچىدىن ، ئۇنىڭ قەدىمكى شەكلى بىلەن هازىرقى شەكلىنىمۇ تارىخىي قاتلامغا قويۇپ قاراشقا ؛ ئۈچىنچىدىن ، بۇ خىل تارىخىي قاتلام پەرقلىرى ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقنى بايقاشقا جىددى ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . قاتلام قارىشى پرىنسىپسىز ئىككى

ئۈچىنى بىر-بىرىگە مىخانىك سېلىشتۇرۇش خاھىشى كېلىپ چىقىدۇ . بۇ مۇزىكىدىكى ئىنكارچىلىق ( نىگىلىزم ) غا كىرىپ كېتىدىغان ھاڭدىن ئىبارەت .

يەنە شۇ نەرسىنىمۇ ئىزاھلاش ھاجەتكى ، « مۇقام » ئىبارىسى « مۇقام » مۇزىكىلىرىنى گېنېئالوگىيىلىك (发生学的) پەيدا بولغان - بولمىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىدىغان يول بەلگىسى ياكى « تەۋەللۇتنامە » (出生证) ئەمەس . گەرچە « مۇقام » ئىبارىسى ئىشلىتىلمىسىمۇ ، ئومۇمەن بىر نەغمە شەكلىدىن ئېشىپ كەتكەن كۆپ نەغمە شەكلىدىكى مۇزىكىلىق كۈيلەرنىڭ 12 تېمفىراتسىيىلىك كۆيشۇناسلىق رىجىسى بويىچە بىر ئاھاڭنى مەركەز قىلغان تاۋۇش قاتارى مۇقام خاراكتېرلىك مۇزىكىلىق مۇجەسسەم ھېسابلىنىدۇ .

يەنە شۇنىمۇ ئىزاھلاش ھاجەتكى « مۇقام » نوقۇل ئىسلام مەدەنىيىتى ياكى ئارۇزنىڭ ئەرەپ — فارىس بەھىرلىرىدىكى نەزىم ئاساسىدىكى مۇزىكىلىق مۇجەسسەم ، شۇ سەۋەبلىك بۇ خىل نەزىم شەكلى تەسىر قىلىشتىن ئىلگىرىكى مۇزىكىلىق مۇجەسسەملەرنى « مۇقام » دېگىلى بولمايدۇ ، دېيىشمۇ تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس . ئۇيغۇر مۇزىكا كۈي تېكىستلىرىدە يەتتە بوغۇملۇق بېيىت شەكلىدىن تاشقىرى يەنە 15 بوغۇملۇق بېيىت شەكىللىرى بولغان . ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەرەپ-فارىس ئارۇز بەھىرلىرىنىڭ بەزى تۈرلىرىنى ئۆزىدىكى شۇ خىل ئەنئەنىۋى بەھىرلەر بىلەن بىللە ، يەنە ئەرەپ-فارىسچە رىسالىلەردە « تۈركىي ئارۇز » دەپ نام بېرىلگەن ئۆزىگە خاس ئارۇز تەرىزىدىكى بەھىرلەر بىلەن قوللىنىپ كەلگەن .

مەسىلەن :

« ئىرغاي بىرلەن ئېلىپ بولماس سايىنىڭ تاشىنى »

« ئۆرۈلگۈنچە ،چۆرۈلگۈنچە يىللار ئورۇلدى »

« زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەد-

رىنى بىلمەس»①

«ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن ئاھلىرىم تۈتقاي سېنى»

«تورلۇغۇم غۇرت ـ غۇرت قىلاردۇ ئاق جۇجەمنىڭ بېشىدا»

«يولدا ئۆتكەنشۇ كىيىكنىڭ ئىزى بولغاي بولمىغاي»

ياكى

«كېلسە قالاي قاتتىغلىق ئەتەردىيۇ سەرەنگىل»

«ئوغلۇم سەنگە قۇدۇرمەن ئەردىم ئۇگۇت خۇمارۇ»

ئەلشىر ناۋايى «سەئىدى ئىسكەندەر» داستانىدا ئىسكەندەرنىڭ رۇخسانە (رەۋشەنەك) ۋە ناھېيرگە ئۆيلەنگەنلىكىنى يېزىۋېتىپ خۇددى قۇمۇل «ئۇلۇغدۇر» مۇقامى (ھايھاي ئۆلەك مۇقامى) دىكىدەك فولىكلورلۇق نەزىم مەسنەۋى يازىدۇ:

«مۇغەننى تۈزۈپ چاڭ ۋەزىندە چاڭ،
ناۋا چەكتى <ھايھاي ئۆلەك، جان ئۆلەك>،
دېسەڭ سەنكى جان قارداشىم يار ـ يار،
مەن ئېيتايكى مۇڭلۇق باشىم يار ـ يار»

روشەنكى، ئەرەپ ـ پارىسلاردىمۇ قوشاق، بارماق ۋەزنى بولغاندەك، تۈركى شېئىرىيەتتىمۇ ئارۇز بەھرلىرى بولغان.

ئاخىرىدا شۇنى ئىزاھلاش كېرەككى، ھازىر ساقلىنىپ قالغان قۇمۇل مۇقاملىرى 12 مۇقام، 19 تارماق بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى يەركەن خانلىقى دەۋرىدە رەتكە سېلىنغان «كلاسسىك 12 مۇقام» غا نىسبەتلەشتۈرگەندە «يەرلىك خەلق مۇقاملىرى» ياكى «خەلق مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، بۇ مۇقاملار ئۆز بېشىدىن كلاسسىك مۇزىكىلىق دەۋرنى ئۆتكۈزمىگەن، ئەزەلدىن بىرى خەلق مۇقاملىرى ھالىتىدە ساقلانغان، دېگەن مۇتلەق ھۆكۈمنى چىقارغىلى ئاساس بولمايدۇ. قۇمۇل مۇقاملىرى خەن، تاڭ دەۋرلىرىدە، ھېچ بولمىغاندا «ئېۋرغول كۈيى» قاتارلىق مۇجەسسەم مۇزىكىلىق سىستېما سۈپىتىدە كلاسسىكلىق خاراكتېرى ئالغان بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، كلاسسىك ئەدەبىيات دەپ شۆھرەتلەنگەن سۈي ـ تاڭ ـ سۇڭ نەزمىلىرى بىلەن بەستىلەنگەن (تېكىستلەنگەن) بۇ مۇزىكىلارنى كلاسسىك مۇزىكا دېيىش كېرەك. شۇ نەرسە روشەنكى، «كلاسسىك» سەنئەت بىلەن خەلق سەنئىتى ئارىسىدا ئۆتكەلى بولمايدىغان پاسىل يوق. گرېكلارنىڭ خەلق سەنئىتى بولغان تىراگېدىيە ۋە كومېدىيەلەر كېيىنچە كلاسسىك سەنئەتكە ئايلاندى. ئوخشاشلا كلاسسىك سەنئەتمۇ ئۇنى يۆلەپ تۇرغان شەھەر قەلئە مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئوردا ـ قەسىر سەنئەت پائالىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشى، پىيەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ خاراب بولۇشى، ھەتتا كلاسسىك سەنئەتنىڭ يېزا - قىشلاقلاردا ئومۇملىشىشى بىلەنمۇ خەلق سەنئىتىگە ئۆزگىرىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئۇرۇش ئاپەتلىرى، ھەر خىل خانىۋەيرانلىق ئىچىدە سەنئەت پىشىۋالىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى، ئۇنتۇلۇش، يوقىلىش قاتارلىقلارمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يىقىرىدا تەكىتلەنگەن تۆت نۇقتا، مۇقام مۇزىكىلىرىغا قاتلام نەزەرىيىسى بويىچە، جانلىق ۋە تارىخىي قاراش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

7

ھازىر ساقلانغان قۇمۇل مۇقاملىرى ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتى خەزىنىسىدىكى غايەت قىممەتلىك بىر يۈرۈش بايلىق. ئۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن ئون ئىككى ئىمپىراتسىيەلىك كۈيشۇناسلىق قانۇنى ئاساسىدا يارىتىلغان مۇزىكىلىق گەۋدىنىڭ بىرتەركىبى قىسمى، ئۇ ئۆزىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن يەرلىك تارىخىي سەر-

---

① «ئۆلەك ـ ئالتۇن يارىغ» ۋە «ئىككى پارچە ئۇيغۇر تېكىستى» دا چۈپلۈك، مايسىزار، يايلاق مەنىسىدە بېرىلگەن.

گۈزەشتىلىرى تۆپەيلى بىر قاتار ئالاھىدىلىك ھاسىل قىلغان بولۇپ، بۇ تۈپ بىر پۈتۈنلۈك ئاساسىدىكى ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت. ئالاھىدىلىكنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىر گەۋدە، بىر پۈتۈنلۈكنى ئىنكار قىلىش خاھىشلىرى توغرا ئەمەس.

قۇمۇل مۇقاملىرى بىر قاتار ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۇنىڭ بىرىنچىسى، قۇمۇل مۇقاملىرى ئاساسەن قايناق مەشرەپ - مۇقاملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ سالمىقى، شېئىرىيەت سالمىقىدىن روشەن ئۈستۈن تۇرۇشتەك قەدىمكى مىللىي سەنئەت خۇسۇسىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. قۇمۇل مۇقاملىرىدا «باشلىنىش مۇزىكىسى» (ياكى «مۇقام نەغمە» قىسمى) بىر قەدەر قىسقا بولۇپ، كۆچلۈك ئەمما قىسقا پەلسەپىلىك مۇقەددىمىلىك ناخشا - مۇزىكىدىن كېيىنلا ئۇسۇللۇق ناخشا - مۇزىكىلار باشلىنىپ كېتىدۇ. گەرچە قۇمۇل مۇقام تېكىستلىرىدە داستان ئامىللىرى («ياچىبەگ»، «ئايىمخان»، «تۆمۈر خەلپە» قاتارلىق) بولسىمۇ، خاس «داستان نەغمە» قىسمى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇسۇلسىز نەغمە - داستان قىسمى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنە مەرغۇل قاتارلىق ئۇسۇللۇق مۇزىكىلارغا ئېھتىياج بولمىغان.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، قۇمۇل مۇقاملىرى قايناق مەشرەپ خاراكتېرىگە ئىگە بولغاندىمۇ، ئەر-ئاياللار بىللە ئۇسۇل ئويناشتەك كۆچلۈك سەنئەم خاراكتېرىگە ئىگە. بىز ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا مۇقاملىرىغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىسلامىيەت شارائىتىدە ئەر-ئاياللار بىللە مەشرەپ ئۇسۇللىرى ئويناشتەك بۇنداق ئاياللار ئۇسۇلى گەۋدىلەنگەن سەنئەم ئۇسۇل ھالىتىنىڭ قۇمۇل مۇقاملىرىدا يارقىن ساقلانغانلىقىنى كۆرىمىز. ئالاھىدە ئەنئەنىۋى تاۋار-دۇردۇن كىيىملەر كىيىش، بېشىغا ئېسىل تۇماق ياكى ئالتۇن گۈللۈك تاجى تاقاش، ئۇسۇلدىن ئىلگىرى ئاياللار بىر ئۆيگە توپلىشىپ ئۇسما قويۇپ گىرىم قىلىشتەك ئادەت قۇمۇل مۇقاملىرىدا ئاياللار گۈزەللىكى گەۋدىلەندۈرۈلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئېھتىمالەم، بۇ كلاسسىكىزم دەۋرىدىن قالغان يالداما بولسا كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ پۈتۈن ئوينىلىش جەريانى يۇرت - مەشرەپ ئويۇشچانلىقىنى چېنىقتۇرۇش، پېشقەدەملەرنى ھۆرمەتلەش، ياشلارنى ئېتنىك - ئەنئەنىۋى ئادەت - قائىدىلەر بىلەن تەربىيىلەش، ئايەم - مۇراسىم يوسۇنلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا قارىتىلغان. مەشرەپ بېشى، پوتا ئويۇنلىرى، بېيىت ئېيتىشىش، جازا - رەخمەت قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسى مىللىي تۇرمۇشنىڭ سەنئەت شەكلىدىكى مەكتىپى بولۇپ ئەسىرلەر قويىندا داۋام قىلىپ كەلگەن. قۇمۇل مۇقاملىرىدا كىشىلەرنىڭ سەينا ياكى سۇپا - پەگادا ئولتۇرۇشلىرىمۇ بەلگىلىك تۈركۈم تەرتىپى، ئەخلاق ۋە ئېتىبار قائىدىسى بويىچە بولىدۇ. ئۇسۇلغا چۈشۈشتىمۇ پېشقەدەملەر باشلامچى بولىدۇ. ياشلار مەيدانىنى ئىگىلىۋېلىپ، ياشانغانلارنى چەتكە چىقىرىپ قويىدىغان ئەھۋاللار بولمايدۇ.

تۆتىنچىدىن، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ناخشا تېكىستلىرى ھەر خىل بولۇپ، ئۇلار كلاسسىك ھېكمەتلىك غەزەللەر پارچىلىرى، پەندى-نەسىھەت خاراكتېرلىك شېئىر - قوشاقلار، تارىخىي ياكى داستان خاراكتېرلىك نەزمىلەر، ئىشقى قوشاقلاردىن ئىبارەت. بۇ تېكىستلەرنىڭ ئاساسى گەۋدىسى بىر چوڭ تارىخىي دەۋردىكى خەلق تۇرمۇش قوشاقلىرىدىن ئىبارەت. ئىشقى - مۇھەببەت قوشاقلىرى تۇرمۇش قوشاقلىرىنىڭ ئاساسى سالمىقىنى تەشكىل قىلىدۇ. شىرىن ۋە ئوتلۇق مۇھەببەت قوشاقلىرى قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ غايەت زور ھاياتى كۈچىنى نامايەن قىلغان. قوشاقلارنىڭ ئالمىشالىشى، تەكرارلانمىسلىقى، قوشاق ۋەزنى ۋە

كۈي ۋەزنىنىڭ قوشاقلارغا ئۇلانما، قايتارما قوشۇپ ھەل قىلىنغانلىقى، قوشاق ۋە كۈيلەرنىڭ مۇھىمى $\frac{2}{4}$، $\frac{4}{4}$، $\frac{5}{8}$، $\frac{7}{8}$، $\frac{9}{8}$ رىتىمدا داۋام قىلدۇرۇلغانلىقى قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ جەلىبكارلىقىنى كۈچەيتكەن.

بەشىنچىدىن، قۇمۇل مۇقاملىرى بىر قاتار يەرلىك مۇقام ناملىرى ۋە كلاسسىك مۇقام ناملىرى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇ بىزنى ئۇيغۇر مۇقاملىرى ناملىرىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىق مەنبەلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ھازىرغىچە قۇمۇل مۇقاملىرى تۆۋەندىكى ناملاردا ساقلانغان:

1. «دۇر مۇقامى» ئىككى ۋارىيانت، بىرىنچىسى 17، ئىككىنچىسى 13، جەمئىي 30 نەغمىدىن تەركىب تاپقان.

2. «ئۇلۇغدۇر مۇقامى» («ھاي ـ ھاي ئۇلەك»)، جەمئىي 11 نەغمىدىن تەركىب تاپقان.

3. «مۇستەزات مۇقامى»، ئىككى ۋارىيانت، بىرىنچىسى 13، ئىككىنچىسى 16، جەمئىي 22 نەغمىدىن تەركىب تاپقان.

4. «چارگاھ مۇقامى»، ئىككى ۋارىيانت، بىرىنچىسى 9، ئىككىنچىسى 13، جەمئىي 22 نەغمىدىن تەركىب تاپقان.

5. «خۇپتى مۇقامى» ئىككى ۋارىيانت، بىرىنچىسى 20، ئىككىنچىسى 13، جەمئىي 33 نەغمىدىن تەركىپ تاپقان.

6. «چەببىيەت مۇقامى» ئىككى ۋارىيانت، بىرىنچىسى 10، ئىككىنچىسى 14، جەمئىي 24 نەغمىدىن تەركىپ تاپقان.

7. «مۇشاۋرەك مۇقامى» ئىككى ۋارىيانت، بىرىنچىسى 13، ئىككىنچىسى 12، جەمئىي 25 نەغمىدىن تەركىپ تاپقان.

8. «ئۆززال مۇقامى» ئىككى ۋارىيانت، بىرىنچىسى 15، ئىككىنچىسى 12، جەمئىي 27 نەغمىدىن تەركىپ تاپقان.

9. «دۇگاھ مۇقامى»، جەمئىي 10 نەغمىدىن تەركىپ تاپقان.

10. «دولان مۇشاۋرەك مۇقامى»، جەمئىي 11 نەغمىدىن تەركىپ تاپقان.

11. «ئىراق مۇقامى»، جەمئىي 12 نەغمىدىن ئىبارەت.

12. «راك مۇقامى»، جەمئىي 11 نەغمىدىن ئىبارەت.

يىغىپ ئېيتقاندا 12 مۇقام، 19 ۋارىيانت، 244 نەغمە، 6036 مىسرالىق مۇزىكىلىق گەۋدە بولۇپ چىقىدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، قۇمۇل مۇقاملىرىدا ھېچقانداق «مۇكەممەل ئەمەس» لىك مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۆز ـ ئۆزىگە خاس مۇكەممەل مۇزىكىلىق گەۋدە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسىنىڭ قىسقىلىقى، داستان، نەغمە ۋە مەرغۇل مۇزىكىلىرىنىڭ توقلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مۇزىكىلىق گەۋدە ئالاھىدىلىكى بولۇپ مۇكەممەلسىزلىكى ئەمەس.

ئۇنىڭ ناملىرىدىكى «چارگاھ»، «چەببىيات»، «مۇشاۋرەك»، «ئۆززال»، «دۇگاھ»، «ئىراق»، «راك» قاتارلىق ئىبارىلار مۇقاملارغا ئورتاق بولۇپ، بۇ خىل مۇقاملارنىڭ مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۇلارنى ئاھاڭ شەكلى (تون، لاد) ۋە نەغمە شەكلى بويىچە سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىزاھلاش مۇمكىن. «دولان مۇشاۋرەك» مۇقامىنىڭ دولان مۇقاملىرىدىكى شۇ خىل مۇقام بىلەن (ئۇنى «چۆل باياۋان مۇقامى» مۇ دېيىلىدۇ) بولغان مۇزىكىلىق ئالاقىسىنىمۇ شۇنىداق سېلىشتۇرۇپ ئىزاھلاش لازىم.

«دۇر مۇقامى» بىلەن «ئۇلۇغدۇر» مۇقامى ھەققىدە يۇقىرىدا توختالغان ئىدۇق. ئىمىن تۇرسۇن ئاكىنىڭ ئىزاھلىشىچە، تۈركىي خەلقلەردە

«كۈيگ»، «تۆلۈم» ئىبارىلىرى كۈي مەنىسىنى بىرىدىكەن. ① ئۇ ئەلشىر نەۋائىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدىن مۇنداق مىسال كەلتۈرىدۇ:

«تۈرك سۆردى بىلە سالىپ قۇلۇم،
قىلسام ئاراي ئۆلۈكۈم ھەي تۆلۈم»

بۇنىڭدىن بىز«تۆلۇ»ئىبارىسىنىڭ «دۈر» ئىبارىسى بىلەن يېقىنلىقى بارمۇ-يوق دېگەن پىكىرگە كېلىمىز. ئۇيغۇرلاردا تۈركۈمنى «تۈكۈن»، قانۇن-قائىدىنى«تۆرو»دېگەن ئىبارىلار بولغان.

قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى «مۇستەھزات» نامى ئارۇز شېئىرىدا ئۇلانغان، قوشۇمچە قىلىنغان دېگەن مەنىدە خاس مۇستەھزات شېئىرى شەكلىگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇ نامنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بەلكى ئۇشبۇ مۇقامنىڭ تېكىست - كۈي ئالاھىدىلىكىگە قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى«خۇپتى»ناملىق مۇقامنىڭ نېمە مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ماڭا قاراڭغۇ.

قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى يەنە بىر خىل نام — مەسىلەن، «يۈردۈم ئالەمنى»، «جانىكەم»، «دەردىڭ يامان»، «سايراڭ بۇلبۇلۇم» قاتارلىقلارنى مېنىڭچە، بۇ مۇقاملارنىڭ يەرلىك نامى دېيىشىش ئىلمىي قاراش ئەمەس. بۇ مۇھىمى شۇ مۇقامدىكى باش ياكى مۇھىم قوشاقنىڭ نامى بولۇپ، تېكىس نۇتا رولى ئوينىغاندا، قوشاق نامى مۇقامنى پەرقلەندۈرگۈچ بەلگە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. پەقەت «ھاي-ھاي ئۆلەن» بىلەن «يالغۇز قويۇن» ھەققىدە باشقىچە ئويلىنىش مۇمكىن.

مۇقاملارنى قانداق چالغۇ بىلەن ئورۇنداش مەسىلىسى ھەر قايسى دەۋرلەردىكى چالغۇلار ۋە ئۇلارنى بىرلىكتە ئورۇنداش ئەھۋالىغا قاراپ ئىزچىل بولۇشى ناتايىن بولغاچقا، بۇ قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى ماھىيەتلىك ئالامەت بولالمايدۇ.

## 8

«قۇمۇل مۇقام» لىرى تېكىستولوگىيە مەسىلىسى ئۆز ئالدىغا خاس تېما. ئۇ «قۇمۇل مۇقام»لىرىنىڭ تېكىستلىك خۇسۇسىيىتى، تېكىست ۋە نەغمە رېتىمى گارمونىيىسى مەسىلىسى، تېكىستلەرنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى، ھازىرقى تېكىستلاردىكى كلاسسىك شېئىرىيەت ۋە خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەنبەلىرى، «قۇمۇل مۇقام»تېكىستلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە مەزمۇنى، «قۇمۇل مۇقام» تېكىستلىرىدىكى پەلسەپىۋى ئەخلاقى - تەلىم مەسىلىلىرى، «قۇمۇل مۇقام» تېكىستلىرىنىڭ ئىستېتىك، ئىستىلىستىكىلىق ۋە تىلشۇناسلىق خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىق بىر قانچە ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدىلا قىسقىچە توختىلىمەن.

«قۇمۇل مۇقام» لىرىدا كلاسسىك «12 مۇقام»دا قوللىنىلغان غەزەل شەكلىدىكى تېكىستلەرنى ئەينەن ياكى ئۆزگەرتىلگەن پارچىلىرىنىڭ ھەر قايسى مۇقاملارنىڭ باشلىنىش نەغمە قىسمىغا قوللىنىلغانلىقى دىققەتكە سازاۋەر. مەسىلەن:

- «سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەي دىلبەر (ئەجەپ دىۋانىلار بولدۇم)
بۇ ئالەمدە خالايىققا بەسى ئەپسانىلار بولدۇم»

- «يۈردۈم ئالەمنى كېزىپ، سورىدىم بارچىدا غەم بار،
غەمسىز كىشى ئالەمنى يارىتقان خۇدايىم بار»

- غۇربەتلىك، غەنىمەتلىك زامان بولماس ئىكەن،
قىزىل گۈللەر تىكەنسىز ئاشنا بولماس ئىكەن»

- «توخۇنى كۆرۈڭ سەھەردە پەرياد قىلىدۇ،
ھايۋان چېغىدا دوستلارنى ئۇ ياد قىلىدۇ»

- «تەكەببۇر ئەيلىمە زىنھار ئەگەر سەن ئاسمان بولساڭ،
ئۆزۈڭنى بارچىدىن كەمتۇت سۇلايمان پادى-

---

① «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل نەشرى، 32 - شەت.

شاھ بولساڭ»

– «بېشىم كەتمەس بۇ سەۋدادىن، سەۋدا
كەتمىدى باشتىن،
جاپانى كىم تولا چەكسە گۆھەرنى شۇ ئالۇر
تاشتىن»

–«قانداق قىلاي، ئىچۈڭ قىلاي بۇ ھەيران-
لىقنى،
پىشانەمگە پۈتۈلگەن بۇ سەرگەردانلىقنى»

– «ئەزەلدىن تائەبەت كۆڭلۈم، قۇتۇلماس
ئىشق بالاسىدىن،
يۈرەكلەر لەختىلەر بولدى، كۆكۈلنىڭماجرا-
سىدىن»

«جاننىبەرگەن خۇدايىم بىر كۈن ئامانەتنى
ئالۇر،
نەمۇشەققەتلەر بىلەن سالغانئىللەتلەر قا-
لۇر».

– «بولسا قاناتىم ئۇچسام ھاۋاغا،
ئەرزىمنى ئەيتسام قادىر خۇداغا»

– «سەن پادىشاھ، مەن بىر گاداي،
رەھىم ئەيلەگىل بىچارەلەرگە».

«قۇمۇل مۇقام» تېكىستلىرىدە يەنە كلاسسىك «12 مۇقام» تېكىستلىرىدە يوق غەزەل پارچىلىرى، رۇبائى ۋە تۇيۇق پارچىلىرى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

– «نە ئېرەنلەر پىنھان بولدى، بۇ دۇنيادىن
مۇسۇلمانلار،
قارا يەر قوينىغا كىردى، نىنى ئۇخانى –
خاقانلار»

– «بۇ دۇنيادىن ئۆتتۈپ كەتتى ئەشۇنداق
شاھىدىن بەرنا،
چىمەنلەر ئىچىدە گۈل قالغاي، نەشاخى
غۇنچىسى رەنا»

– «ئىلاھىم بەرمىدىڭ تۆھپىق
ئەزەلدىن قاخشىغان قۇلمەن»

– «بارچە ئايەتنىڭ بېشى ياسىندۇر،
ئوق ئاتالمىغان يىگىت ساسۇندىرۇر»

–«يارىنى ئىزلەپ سوراقلاپ تاپمىدىم،
قول سېلىپ ئامراق تۆشىگە باقمىدىم»

– «شۇ مۇھەببەت شەۋقى مەندىن كەتمىدى
قول سېلىپ سۇنسام لېۋىگە يەتمىدى»

«قۇمۇل مۇقام» لىرىدا قۇمۇل خەلقىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ۋە پەلۋان خاراكتېرىگە ئائىت كۆپلىگەن خەلق قوشاقلىرى ساقلانغان بولۇپ، كۈچلۈك تارىخىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. مەسىلەن:

– «ھاي ـھەي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ گۈل قاي-
دا بار، يار ـيار،
بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار،
يار ـيار»

«يالغۇز تويۇنبىر پارچە تاغ ئاسماننى تەپ-
كەن،
ئۆزى ئۇلۇغ، كۆڭلى پېقىر سۇلارنى سەپ-
كەن»

–«قارلار ياغىپ ياز بولمايدۇ، باغراشنىڭ
تاغى،
دەرت كەلگەندە پايلىمايدۇ، يۈرەكنىڭ دا-
غى»

– «قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ قاراتماڭ بىز-
نى،
جاڭگالدىكى ئاچ بۆرىدەك ماراتماڭ بىز-
نى»

– «يۇقىرىدىن چۇشۇپ كېلىدۇ ئاتلار ئويناـ
تىپ،
قوللاردا كۈمۈش ملتىق، يار قۇلان ئا-
تىپ»

–«زىندان تېمى ئېگىز تام، ئۇنىڭ ئىچى گۆ-
رۇستان،
ئەرەنلىككە بەل باغلاپ، شېھىت بولغان ئا-
يىمخان»

– «شىڭ شىڭ شىيا يوغان گوبى، ئىككى
تاغنىڭ ئاراسى،
قۇمۇل يولىغا قاراپ، ئاقتى كۆزنىڭ قارا-
سى»

– ئاتمىش ئالتە گۆدەكلەرمۇ ئەلنى دەپ
ياتقان،
يارەنلىرى قول كۆتىرىپ لەھەتكە قويغان»

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتاپى www.uyghurkitap.com



«قۇمۇل مۇقام» لىرىدا مۇھەببەت، سادا‌قەت، ھىجران، ۋىسال كۈيلەنگەن ئىشقى قوشاقلار ئاساسى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ قوشاقلار ئۇسلۇبلۇق سەنئەملەرنىڭ گۈزەل ھەرىكىتىگە مەزمۇن قوشىدۇ. مەسىلەن:

— «گۈل بىلەن ئۇرسام تىكەننى، گۈل بولۇر، گۈللەر بولۇر،
باشقا قونغان قاغىلار يار ئالدىدا بۇلبۇل بولۇر»

— «بىز ئىككىيلەن ئەۋۋەلدىن نىملەر دېيىشتۇق،
سېرىق قوچقاچ بالاسىدەك دانلار يېيىشتۇق»

— «رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر ئىچىلدى ئەتىيازدىن كۆزگىچە،
ھەر كىشى يارىنى تاپسا شۇنىقەدىرى شۇ كېچە»

— «ئەسسالام دەپ ئۆيگە كىرسەم، ئۆيدە بىر ئاي ئولتۇرۇر،
قاشلىرى قىغان قەلەمدەك، كۆزلىرى ئويناپ تۇرۇر»

— «ئوقۇشۇڭ ئىنناپەتەھنا، سۈرىسى ياسىنچە بار،
يارىنىڭ قىلغانگېپى پىچاق ئېلىپ كەسكىنچە بار»

— «ئاغزىدىن ئالما پۇرايدۇ، قوينىدا باردۇر ئانار،
بىر دەم ئولتۇرساڭ قېشىمدا چاڭقىغان باغرىم قانار»

— «ئاي بىلەن كۈن دوست ئىكەن، چولپانغا ھەمراھ يوق ئىكەن،
ئاخۇنۇمدىن سورىسام ئاشىققا نىكاھ يوق ئىكەن»

«قۇمۇل مۇقام» تېكىستلىرى ئۆزىنىڭ بىۋاستە خەلق تۇرمۇشى، سەرگۈزەشتىسى ۋە قەلبىدىن تامغان بولۇپ، كۈچلۈك پىكىر تىرەنلىكى، ھېسسىيات چىنلىقى ۋە ئىستېتىك - ئېتىكىلىق زوقلاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە.

قۇمۇل مۇقاملىرى — قۇمۇل خەلقىنىڭ تەپەككۇر، كۆڭۈل ھېسسىيات تارىخىنىڭ ئۇلۇغ كىرىستالى؛ ئۇيغۇر مىللىي روھىيىتى، مەنىۋى مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئىپتىخارلىق گۈلزار ۋە جانلىق فولكلور مەكتىپى.

ئەسىرلەر ئۆتتى، ئۇيغۇر خەلقى يېزىقلار ئالماشتۇردى، دىنىي ئېتىقات ۋە مەزھەپلەر ئالماشتۇردى، ئەمما فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن قوزۇقى بولغان ئۇيغۇر مۇقام كۈيلىرىنى ئىستېتىك ھاياتىنىڭ قۇتنامىسى بىلىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

ئەسىرلەر ئۆتتى، قانچە - قانچە ئەجدادلارنىڭ ئاتەش يۈرەكلىرى سوقۇشتىن توختىدى! قانچە - قانچە قەلئە - شەھەرلەر، ئوردا - قەسىرلەر خارابىلىققا ئايلاندى! ئەمما ئۇيغۇر مۇقاملىرى — ئۇيغۇر خەلقى مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇزىكىلىق سىگنالى توختىغىنى، ئۆچكىنى، چۆلدەرەپ قالغىنى يوق! ئاتىلار توغرا ئېيتقان: «باشتىن ئۆتكىنى باشقا، كۆڭۈلدە قالغىنى باشقا»! تارىخىي قىسمەتلىرىمىز تۈپەيلى، ھاياتى ئەنگۈشتە رىمىزنى يوقىتىپ قويمىدۇق! مانا بۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ، جۈملىدىن قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ بىقىياس قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلدى! مانا بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ياراتقۇچى ئىقتىدارىنى دەلىللىدى: يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى! بۇ ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسىنىڭ سۈبھىلىك باھار شامىلى! يىپەك يولى ئاساسى قانىلى ئۈستىگە جايلاشقان قۇمۇل دىيارى ئۆز مۇقاملىرى بىلەن خەلقىمىزگە، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تېخىمۇ گۈزەل ۋە يالقۇنلۇق بەدىئىي زوق بېغىشلىغۇسى.

1992 - يىل 9 - ئاي

# لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى

ئەنەتۇللا قۇربان

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىدېئولوگىيىسى بىلەن ئېڭىنى قوراللاندۇرۇپ، سىنىپىي مەيدان، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، زور سىياسىي مەسىلىلەرگە ھەمدە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرگە توغرا، ئىلمىي باھا بېرىپ، خەلق ئاممىسىنى مەنىۋى جەھەتتە ئۈزۈل - كېسىل جەڭگىۋارلىقتا، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىكتە يېتەكلىگەن ئىنقىلابىي دېموكراتىزىمچى ئىدى.

ئۇ، ماركسىزم - لېنىنىزملىق نەزەرىيە سىستېمىسىنى، سوتسىيالىستىك نىشاننى ئۆزىگە يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ۋە سىياسىي - ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش، خەلقنى بىر پۈتۈن ھايات پائالىيىتىدە، ئىجتىمائىي ئېڭىدە مىللىي بىرلىك، مەنىۋى ئىشەنچ - ئەمەلىي كۈچ - قۇدرەت ئورغۇتۇشتەك دەۋر روھىنى شۇنداقلا فاشىزمغا قارشى ئىنتېرناتسىئوناللىق روھنى تولۇق، ماھىيەتلىك ھالدا يېتىلدۈرۈپ چىقتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى ئىپادىلىنىشكە باشلىغان يەرلىك ئالاھىدىلىككە، قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە تېماتىك مەزمۇنلارنى چوڭقۇر ئىجتىمائىيلىقتا، سىياسىي قىزغىنلىقتا ئىگە ئورتاق تېمىلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ، كونكېت ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق ئىدىيىۋى ھالىتىنى ھەمدە فېئوداللىزمغا، مۇتەئەسسىپلىككە، جاھالەتلىككە، نادانلىققا، تۈرلۈك نورمالسىز تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئەخلاقىي قاراشلارغا قارشى ئىسيانكارلىقنى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئۈزۈل - كېسىل جەڭگىۋارلىق ئىدىيىۋى سىستېمىسى دەرىجىسىگە كۆتەردى. خەلقچىللىق ئىدىيىۋى ھالىتىنىمۇ مەزمۇن ۋە خاراكتېر جەھەتتە ئاكتىۋال، يېڭىچە ئىدىيىۋى قاراشلار بىلەن يۇغۇرۇپ، ئوتاقلىقتا، تەرەققىياتتا ئىگە قىلدى.

مۇتەللىپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى دەسلەپتىلا ماھىيەتلىك مەسىلىلەرگە، ئاكتۇئال تېمىلارغا، ئومۇمىي ئىدىيىۋى ھالەتلەرگە قارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، جەڭگىۋارلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسلىق ئىپادىلەش ئىدىيىۋى سىستېمىسى بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇنداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى مەزمۇن جەھەتتە يۈكسەلدۈرۈش بىلەن بىللە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىمۇ كۆپ خىللىقتا، رەڭدارلىقتا ئىگە قىلدى. تېما جەھەتتە ئاكتۇئاللىقتا، يېڭىلىقتا ئىگە قىلدى. ئومۇمەن ئۇ دەۋر روھىنى، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا، تولۇق، ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشكە، شۇ ئارقىلىق خەلق ئارىسىدا زور دەرىجىدە ئىجتىمائىي تەسىر ئورتاق ئىدىيىۋى ئاڭ شەكىللەندۈرۈشكە لايىق ئەدەبىي ژانىرلاردىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، زور نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ نەسىر ھەم فىلىيەتونلىرى شۇنداقلا تولۇق يېزىلىپ بولۇنمىغان رومانى باشقا ژانىر ۋە تۈرلەردىكى ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا ئەنە شۇ زۆرۈرىيەت ۋە مەقسەت بىلەن يېزىلغان. بۇلار مەلۇم بەدىئىي قىممەتكە ھەمدە سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە نادىر ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

**1. نەسىر «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق»**

بۇ ئەسەر 1943 - يىلى گىتلېر گېرمانىيىسى فاشىزملىق ئۇرۇشنىڭ ھالاكەت پاتقىقىغا پېتىپ، غالىبىيەت ئۈتۈقى دۇنيادىكى ھەققانىيەتنى ياقلى-

www.uyghurkitap.com

غۇچى خەلققە مەنسۇپ بولغان؛ ياپون جاھانگىر-
لىكىنىڭ جۇڭگوغا ۋە تىنچ ئوكيان رايونىغا قارات-
قان تاجاۋۇزچىلىقى ھالاكەتلىك تەقدىرگە يې-
قىنلاشقان، خەلق ئاممىسىنىڭ جاپا - مۇشەققەت-
لىك كۈرەش تارىخى نۇرغۇن قۇربان بېرىشلەردىن
كېيىن چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ ياۋۇز ھۆكۈمرا-
نلىقىدىن، دەھشەتلىك بېسىمىدىن قۇتۇلۇش تەر-
پىگە قاراپ بۇرۇلۇش ياسىغان تارىخى شارائىتتا
يېزىلدى. بۇنىڭدا ئاپتورنىڭ چوڭقۇر، ئەتراپلىق
تارىخى ساۋاتى، مەسىلىلەرگە تارىخى ماتېرىيا-
لىزم ۋە دىئالىكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىنەزەر بويى-
چە باھا بېرىشتەك پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئۈزۈل -
كېسىل جەڭگىۋارلىقى بىلەن يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەر-
لىكى شۇنداقلا سىياسى قىزغىنلىقى بىلەن ئومۇد-
ۋار ئىرادىسى تولۇق ئىپادىلەنگەن.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ نەسىردە بىر خىل ئى-
جادى ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، شۇ
دەۋردىكى ۋەتەنىنىڭ ئومۇمى ئىجتىمائى ئەھۋالىنى
بىۋاسىتە يىغىنچاقلاش، كونكرېت دېتاللار تەسۋى-
رىدە جانلىق تۈس بېرىش، بىۋاسىتە خىتاپ ياكى
چاقىرىق ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك، جەڭگىۋارلىق
تەرغىباتى ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىدىن ئۆزگىچە ھال-
دا ①ئالدى بىلەن بىر پۈتۈن تارىخنى بەدىئى ئو-
مۇملاشتۇرۇپ، گۈزەل تەبىئى مۇھىت، بۈيۈك تا-
رىخى ئۇتۇقلار ۋە مەدەنىيەت ياراتمىلىرىنى ئىپتى-
خارلىق تۇيغۇسىدا تولۇق، جانلىق سۈرەتلەش
ئارقىلىق ئەمگەكچان، باتۇر جۇڭگو خەلقىنىڭ
بەش مىڭ يىللىق تارىخىدىكى ئاجايىپ زور ئۇتۇق-
لىرىنى، جەبرى - جاپالىق ھاياتىنى، مەڭگۈ يو-
قالماس مېھنىتىنى، مىللى ئېڭى بىلەن مىللى پىس-
خىكىسىنى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

② شۇنىڭ بىلەن بىرگە غەربى - شىمالدىكى بۈ-
يۈك ماكان شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇر ھەم باشقا قېرىن-
داش مىللەتلەرنىڭ تارىخى ئۇتۇقلىرىنى، يارات-
مىلىرىنى ئىچكى رايونلاردىكى تارىخى تەرەق-
قىياتلار بىلەن بىرگە قويۇش ئارقىلىق قۇدرەتلىك،
باي، گۈزەل ھەمدە ئۇزۇن مەدەنىيەت تارىخىغا ئى-
گە ماكانىنىڭ ئومۇمى كۆرىنىشىنى سىزىش ئارقى-
لىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئېڭىدا ۋەتەنگە بولغان ھەق-
دالىق تۇيغۇسىنى ئومۇمى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيى-
سىنى جانلىق ھالدا ئۇرغۇتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

③ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مانا مۇشۇنداق بۈيۈك
تارىخقا، قىممەتلىك تەبىئى بايلىققا، گۈزەل شا-
رائىتقا، مەدەنىيەت جەھەتتىكى زور تەرەققىياتلارغا
ئىگە ۋەتەنىنىڭ ئەمدىلىكتە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ
تاپىنى ئاستىدا يەنجىلىۋاتقانلىقىغا، جۇڭگو خەل-
قىنىڭ ئەركىنلىكتىن، دېموكراتىيىدىن مەھرۇم ھالدا
ئازاپ - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە ئېزىلىۋات-
قانلىقىغا نىسبەتەن چەكسىز ئېچىنىش، قايغۇرۇش
تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ، مەۋجۇت ھالەتنى ئۆزگەر-
تىش، مىللى بىرلىك ۋە مىللى روھ بويىچە ئومۇ-
يۈزلۈك كۈرەشكە ئاتلىنىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنى
مەقسەت قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ دەسلەپدىكى بۇ خىل
ئىدىيىۋى مەزمۇن يۈكسەك بەدىئى ئومۇملاشتۇ-
رۇش، ئىستىلىستىك ۋاسىتىلىرىدىن ئۇنۇملۇك پاي-
دىلىنىش ئارقىلىق قۇرۇلما ئىخچاملىقىدا چوڭقۇر
ئىدىيىۋى مەزمۇننى، ئۇزۇن تارىخنى، كەڭ تەبىئى
شارائىتنى ئىپادىلەش، ھېسسىيات قويۇقلىقىدا،
خاھىش چوڭقۇرلىقىدا ۋەتەننى، ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرى-
نى، مەدەنىيەت تارىخنى باشقا قەدىمى مەدەنىيەت
بۆشۈكلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش، تەكلەشتۇرۇش
ئارقىلىق تارىختا فېئودالىزمنىڭ ئاسارىتىدە ھال-
سىزلانغان، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودالىق
ھالىتىدە ئۇزۇن يىللار ئاسارەتتە قالغان جۇڭگوغا
نىسبەتەن خىلمۇ - خىل كۈچلەرنىڭ ھەر خىل با-
ھالارنى بېرىشىگە قارىتا دەل ۋاقتىدا ئەجەللىك
دەككە بەردى. شۇنداقلا يەنە جۇڭگونىڭ ئىچكى
قۇدرىتىنى، زور مەنىۋى كۈچىنى، ھەر مىللەت خەل-

قىنىڭ ۋەتىنىگە بولغان ھەقدارلىق تۇيغۇسىنى، ئۇزۇن تارىخنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىنى بېرىش، خەلق ئەمگەكچان ئىككى قولى بىلەن ياراتقان ياراتمىلارنى تەسۋىرلەش، گۈزەل ماكانىنىڭ تەبىئىي كۆرۈنۈشىنى سۈرەتلەش ھەمدە ئۆركەشلەپ ئاققان دەريالارنىڭ جاراڭلىق شاۋقۇنىنى، يىقىلماس قورغان — سەددىچىن سېپىلىنىڭ قان — ياشلىق ۋۇجۇدىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق جانلىق ھالدا تولۇق گەۋدىلەندۈردى. دېمەك، ئەسەرنىڭ بىرىنچى مەزمۇن بۆلىكىدە ئاپتور جۇڭگونىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى جۇغراپىيىۋى ئورنى، تەبىئىي شارائىتى، تەبىئىي بايلىق مەنبەئى، مەدەنىيەت تارىخى قاتارلىقلارنى ئىخچام ئەمما چوڭقۇر ئىپادىلەش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئېگىدا يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى، ۋەتەنگە بولغان ھەقدارلىق ئىستىگىنى ئويغىتىشنى مەركىزى ئىدىيە قىلغان. شۇنداقلا يەنە جۇڭگونى زور شىرغا ئوخشىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئويغىنىدىغان چاغلىرىنىڭ چوقۇم يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈردى. ئۇ، ئەسەرنىڭ مۇشۇ بۆلىكىدە لىرىك ئوبرازغا يەنى لىرىك قەھرىمانغا خىتاپ قىلىش شەكلىدە بەرگەن تەسۋىرلىرىدە، بايانلىرىدا ئىچكى رايونلارنىڭ ۋە ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى، مىللىي پىسخىكىسىنى نامايەن قىلىدۇ.

ئەسەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئىككىنچى بۆلىكىدە ئاپتور ئىستىلىستىكىنىڭ جانلاندۇرۇش شەكلىنى دەرىجىلىك قوللىنىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن جۇڭگودىن ئىبارەت بۈيۈك زېمىننى زور شىر ئوبرازى بىلەن سىمۋوللاشتۇرسا، كەينىدىنلا بۇ شىرغا ئادەملىك خۇسۇسىيەتنى بېرىش ئارقىلىق، نەسرىنىڭ لىرىكىلىق سيۇژىتىنى دىئالوگ شەكلىدە ئىپادىلەش ئارقىلىق جۇڭگونى يېرىم فېئودال ۋە يېرىم مۇستەملىكە خاراكتېرىگە كىرگۈزۈپ قويغان چەت ئەل جاھانگىرلىرىغا نىسبەتەن تولۇپ — تاشقان غەزىپى، چەكسىز ئۆچمەنلىكىنى، كەلگۈسىگە باغلىغان ئۈزۈلمەس ئۈمىدىنى جانلىق ئىپادىلىدى:

«دەرۋازىنى بىرى ئۇرىدۇ.

— كىم ئۇ؟ — شىر قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋاقىرايدۇ.

— ئاچ، تولا سۆزلىمە، بىر مېھمان!

قىرغاقتا كېمىلەر — مېھمان، كېمىلىرى توختىدى، تۇپراقتى <مېھمان> لار دەسسىدى.

شىر غەزەپلىنىپ، خۇاڭخېنىڭ بىر ساھىلىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزى زور ئېچىلغان، تومۇرلىرى كۆپكەن، چىشلىرى غۇچۇرلىغان، چاچلىرى تىك تۇرغان، يۈرەك تېپىشى ئۆرلىگەن، مۇشتۇملىرى ئىختىيارسىز تۈگۈلگەن ئىدى.»

ئارقىدىنلا ئاپتور مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ھەرىكەت كۆرۈنۈشىنى، شەكلىنى، ھۆكۈمرانلىق ئاستىدىكى زېمىننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى قىسقىچە ئىپادىلەش ئارقىلىق <ئەپيۇن ئۇرۇش> دىن كېيىنكى يېڭى مۇستەملىككىچىلىك ھەرىكىتى ۋە شۇندىن كېيىنكى جۇڭگونىڭ سىياسىي تەسلىمچىلىكى، ئىجتىمائىي ئاڭدىكى بۇزۇلۇش ۋە ئاجىزلىقىنى، ئىقتىسادى ئىگىلىكىنىڭ ۋەيران بولغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرگە مىللىي ئاڭنىڭ قىسقا بىر مەزگىل ئويغانغانلىقىنى يازدى. كەينىدىنلا مىللىي تەسلىمچىلىكنىڭ، ئىچكى جەھەتتىكى بېسىم ۋە ئاجىز روھىي ھالەتنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى ئىخچام ئىپادىلىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئۈچىنچى بۆلىكىدە فېئودال ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىش يولىنى ئاچقان، ئۇنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە شانلىق يۇرۇشلەر، پارلاق نىشان بويىچە ئىلگىرىلىگەن بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ پېشۋاسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنى زور ئىپتىخار ۋە گۈزەل ئارزۇ ئۈمىد بىلەن

تەرىپلەش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ سيۇژېت مەركىزىدىكى بۈيۈك ئوبراز شىرنىڭ شانلىق، ئۈمىدۋارلىق ھەم ئىشەنچ تۇيغۇسىنى چوڭقۇر ئىپادىلىدى. ئاپتور مۇشۇ يەردە جۇڭگونىڭ تەغدىرىنى پەقەت سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى بۈيۈك ئىنقىلاپىلا ھەل قىلالايتتى. بۇ ئىنقىلاب جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق ھالىتىنى، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق خاراكتېرىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتتى ھەمدە ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. شۇنداقلا بۇ ئىنقىلاب جۇڭگونى دۇنيانىڭ ئىلغار ئېقىمى قاتارىغا ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلدى. توغرىسى بۇ ئۇنىڭ نىشانى ئىدى. بىراق، ئىنقىلاب خائىنلىرى ئىنقىلاب مېۋىسىنى تارتىۋېلىپ، ماھىيەت جەھەتتە فېئودال ھۆكۈمرانلىقنى يۈرگۈزۈپ، سىرتقا قارىتا تەسلىمچىلىك سىياسىتىنى قايتا يۈرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگودىن ئىبارەت زور شىر يەنىلا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئىچىدە قالدى. ئاپتور بۇ چىل تارىخى مەزمۇننى چىنلىق بىلەن بەدىئى ئومۇملاشتۇردى. زور سىياسى، ئىجتىمائى ۋەقەلەرنى يىغما ئىپادىلەش ئارقىلىق تەسىرچانلىقنى، ئۇرغۇتۇش كۈچىنى ئاشۇردى. شۇ ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىدە ۋەتەن خائىنلىرىغا، چەت ئەل جاھانگىرلىكىگە نىسبەتەن ئۈزۈل - كېسىل ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىنى رەسمى ئىدىيىۋى ھالەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلدى.

ئەسەرنى تۆتىنچى مەزمۇن بۆلىكىدە لۇتېۋۇللا جۇڭگونىڭ ئۇزۇن تارىخى تەرەققىيات داۋامىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئېغىر سىياسى - ئىجتىمائى ۋەقەلەر، ئازاب - ئوقۇبەتلىك ھايات رىئاللىقى، نۇرغۇن ئېچىنىشلىق تەجرىبە - ساۋاقلار ئارقىلىق ئۆزىنى باشقىدىن تونۇپ يەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئەسلى قۇدرەتلىك ماھىيىتىنى ئاشكارىلاشقا باشلىغانلىقىنى، گۈزەل ماكانىنى، مول بايلىقلىرىنى، مەدەنىيەت تارىخىنى، مۇستەقىللىقنى قوغداش يولىدا ئاخىرى ئويغىنىپ دەس تۇرغانلىقىنى يېزىپ كېلىپ، ئۇنى ئەمدى ھەر قانداق بېسىم، خورلۇق ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان كۈچلۈك ئىرادىسىنى، يېڭىلمەس قۇدرىتىنى شىرنىڭ - جۇڭگونىڭ بۈيۈك قەسىمى ئارقىلىق ئىپادىلىدى. ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى تىز پۈكمەس يۈرۈشىنىڭ يىغما ئىپادىسى بۇنىڭ تولۇق دەلىلى ھەم ئىنكاسى بولدى.

«دۈشمەن چۈشىن جېنى بىلەن تاغ كۆتەرمەكچى بولدى، دۈشمەن ئېلان گەۋدىسى بىلەن پىل يۈتمەكچى بولدى.» ئاپتور يۇقىرىقى سېلىشتۇرما بايان ئارقىلىق جۇڭگو ۋە جۇڭگودىكى ئازادلىق كۈرەشچىلىرى بىلەن ياپون جاھانگىرلىكىنى ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى كۆپتۈرۈش ھەم جانلاندۇرۇش ئارقىلىق، بىر دەۋر تاجاۋۇزچىلىق ھەم تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھەققانى كۈرەشنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشىنى ئىنتايىن ئىخچام ھالدا ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنقىلابنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا نىسبەتەن تولۇپ - تاشقان ئىشەنچىسىنى بىلدۈردى. شۇنداقلا شىرنىڭ جاكاسى، چاقىرىقى ئارقىلىق ئۇلۇغۋار، سەلتەنەتلىك كۈرەش يولى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ سىياسى، ئىقتىساد ھەم ئىجتىمائى ئاڭ، ھەربى كۈچ، مەدەنىيەت جەھەتتە ئورتاق تەرەققى قىلغانلىقىنى، فېئودال ھۆكۈمرانلىقنى، مۇستەملىكىچىلىكنى يىلتىزىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ غايىۋى تەسەۋۋۇرى بويىچە ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزملىق نۇقتىئى نەزەر ھەم دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق قاراش بويىچە ئىنقىلابنى ئاداققىچە ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتور ئەسەرنىڭ كېيىنكى مەزمۇن بۆلەكلىرى ئارقىلىق زۇلۇم - زوراۋانلىق، بېسىم ھامان قارشىلىق دولقۇنىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ ھېسسىياتنىكى قارشىلىق ئورتاق مىللى قاراش، ھېسسىيات ۋە مىل-

لىي بىرلىك ، مىللىي روھ ئاساسىدا جەڭگىۋار ئىـ
دىيىۋى ھالەتكە تەرەققى قىلدى. يۈكسەك ۋەتەنـ
پەرۋەرلىك ، ئۆزلۈك ـ كېسەل جەڭگىۋارلىق ۋە داـ
ۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش روھلا جۇڭگونى قۇتقۇـ
زالايدۇ ، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئاپتور بىر خىل سىياسىي قىزغىنلىق ھەم باتۇرـ
لۇقتا ، يۈكسەكلىككە چوقۇنۇش خاھىشى بويىچىلا
شىرنى بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە قوللىنىپ ، ئۇنىڭـ
غا سىمۋوللۇق تۈس بەرگەن ئەمەس. بۇ يەردە
ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ئادەت بىلەن
مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدىكى ئورتاق شەكىل ۋە
مەزمۇنغا دىققەت ئېتىۋارىنى بېرىپ ، ئۇنىڭ ئەسلىـ
نى ، ماھىيىتىنى قېزىشقا تىرىشقانلىقى ، شۇنداقلا
مۇشۇ ئورتاقلىق ئارقىلىق يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك
تۇيغۇسى تەبىئىي ھالدا كىشىلەر قەلبىدە ئۇرغۇـ
تۇشقا ئورۇنغانلىقىمۇ مۇھىم ئاساس بولالايدۇ.
شىر جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدا خەنزۇلارنىڭ ھاـ
يات پائالىيەتلىرىدىلا ئەمەس بەلكى ئۇيغۇرلارـ
نىڭ بۈيۈك مەدەنىيەت غەزنىسىنىڭ نامايەندىلىرىـ
دىمۇ مۇھىم بەدىئىي ۋاستىلىك رول ئويناپ كەلگەن
ئوبراز. ئۇ ھەر ئىككىلا مىللەتتە (بەلكى باشقا
مىللەتلەردىمۇ بولسا كېرەك) شانلىق ، ئىپتىخارـ
لىق ، باتۇرلۇق ، پەم ـ پاراسەتلىك پىسخىك تۇيـ
غۇسىنىڭ ھەمدە زور سىياسىي ـ ئىجتىمائىي مەقسەتـ
لىرىنىڭ ، ئىچكى باتۇرلۇق ، قورقماس تۇيغۇلىرىـ
نىڭ سىمۋوللۇق بىر پۈتۈن گەۋدىسى سۈپىتىدە ناـ
مايەن بولغان. دېمەك ، ئۇيغۇرلار شىر ئويۇنىنى
ئەنئەنىۋى نورۇز بايراملىرىدا كەڭ ـ كۆلەمدە
ئويناش ئارقىلىق بىر ياقتىن ئۆزلىرىنىڭ باتۇر ،
ئەقىللىق ، زېرەك ، قورقماس مىللىي پىسخىكىسىنى ،
مىللىي روھى ۋە ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلغان
بولسا ، يەنە بىر ياقتىن شىردەك زور قۇدرەت بىـ
لەن ۋەتەننى ، مىللەتنى ھەم خەلقنى قوغداش ،
گۈللەندۈرۈش يۈكسەك ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن ئىـ
دى. بۇنىڭدىن خەلقچىللىق ، جەڭگىۋارلىق ۋە ۋەـ
تەنپەرۋەرلىكتەك ئىدىيىۋى ھالەت ۋە يۈكسەك مىللى
ئاڭ ۋە مىللى ئېتىقاد كۈچىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى كۆـ
رۈشكە بولىدۇ. لۇتپۇللا مۇتەللىپ شىر ئوبرازىنى
تەسۋىرلەش ۋە ئۇنى پۈتكۈل سىيۇژىتنىڭ مەركىزى
نۇقتىسىغا قويۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەش مىڭ يىلـ
لىق مەدەنىيەت تارىخىنى يۈكلىشى ، ئاخىرى زور
سىياسى ۋە ئىجتىمائى ئۆزگىرىشلەرنى يەنىلا ئەنە
شۇ ئوبراز ئۈستىدە يەنى ئۇنىڭ ھەرىكەت جەرياـ
نى ، روھى چوڭقۇرلۇقىنىڭ جانلىق سۈرىتى ، سىياـ
سى قىزغىنلىقى ھەم ئارزۇ ـ ئىستىگى جەريانىدا
ئىپادىلىشى بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇ.

بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇزۇن يىلـ
لىق تارىخ داۋامىدا يۈز بەرگەن زور سىياسى ۋەقەـ
لەرنى ، ئىجتىمائى ئۆزگىرىشلەرنى شۇنداقلا مەـ
دەنىيەت تەرەققىياتى ، تەبىئى مۇھىتى ، جۇغراپىيىـ
لىك ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى قىسقىغىنا قۇرۇلـ
مىغا سىغدۇرۇپ ئىپادىلىشى ھەمدە تەپسىلى مەزـ
مۇن ھالىتىدە چۈشەنچە ۋە تەسىر بېرىشى مۇھىم
ئالاھىدىلىك. بۇ خىل ئالاھىدىلىك تارىخى ۋەقەـ
لىكلەر ئاساسىدىكى تەپسىلى مەزمۇننى يىغما ھاـ
لەتتە ۋەكىللىك بايان قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولـ
غان. بۇ خىل بايان شەكلى ھەم ماقالىنى قۇرۇلما
ئىخچاملىقىغا ھەم مەزمۇن قويۇقلىقىغا ئىگە قىلىدىـ
غان ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

لىرىك تەسۋىر بىلەن مۇھاكىملىك بايانىي
بىرلەشتۈرۈپ ئەسەر ۋەقەلىكىنى ئىپادىلەش يەنە
بىر مۇھىم خۇسۇسىيەت يەنى ئالاھىدىلىك. ئاپتورـ
نىڭ يىغما ئىپادىلەش ، نۇقتىلىق بايان قىلىش ئارـ
قىلىق ۋەقەلىكنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇن دائىرىسىنى
ھاسىل قىلىش بىلەن بىرگە لىرىك تەسۋىر ئاساسىـ
دا ئۇنىڭغا جانلىق ، ئوبرازلىق تۈس بېرىش ، شۇ
ئارقىلىق بەلگىلىك مەقسەتكە ھەم بەدىئىي ئۇنۇمگە
ئىگە بولۇش ھاسىل قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com



ئومۇمەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىككى پارچە فىلىيەتوندىن كېيىن يازغان نەسرى ئارقىلىق شۇ دەۋر روھىنى تېخمۇ تولۇق ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل جەڭگىۋارلىق، يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىۋى ھالىتىنى تولۇق گەۋدىلەندۇرۇپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە بېيىتىپلا قالماستىن بەلكى ئىلغار ئىدىيە بىلەن، ئاكتۇئال تېمىلار بىلەن بېيىتىپ، ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولىنى، ئىستېتىكىلىق رولىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدىبى خاتىرە شەكلى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى سالامنامە شەكلى ھەم ئۇيغۇر داستانچىلىقىدىكى نەسرى بايان شەكىللىرىدە ئىپادىلىنىپ كېلىۋاتقان نەسرچىلىكنى رەسمى بىر پۈتۈن ژانىر دەرىجىسگە كۆتۈرۈشتە تېگىشلىك رول ئوينىدى.

**2 . «<پادىشاھ ساموۇرايلىرى> ئېغىر ھالسىرايدۇ»ناملىق فىلىيەتونى ھەققىدە**

ئەسەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتىرىلگەن، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىۋى ھالىتى ۋە جەڭگىۋارلىق تۇيغۇسى بىلەن بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنى تۆپ يىلتىزىدىن ئاغدۇرۇپ، يىپ - يېڭى دۇنيا قۇرۇپ چىقىش ئارزۇ - ئىستىگى بويىچە قوراللىق كۈرەشنى ئاداققىچە ئېلىپ بېرىش يۇكسەك ئىنقىلابى ئىرادىسى گەۋدىلىك تۈردە نامايەن بولغان تارىخى شارائىتتا يېزىلدى. بۇ خىل سىياسى - ئىجتىمائى مۇھىت خەلقنىڭ روھى چوڭقۇرلۇقىدىكى، كۈرەش ئەمەلىيىتىدىكى غالىبىيەت مېۋىسىنى قولغا ئېلىشتەك ئۇزۇل - كېسىل ئىرادىسى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيىتىنى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە زور تەرەققىياتقا ئىگە قىلىش بىلەن بىللە خەلق ئاممىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ۋەتەننى مۇنقەررزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىنىڭ ھەيۋىسىنى ئۆستۈرۈش، خەلقئارا جاھانگىرلىكنىڭ، بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇشتەك خاھىشنى تولۇق ئىپادىلىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەدەبى ئىجادىيەت يولى بىلەن خەلقنىڭ يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئۇزۇل - كېسىل جەڭگىۋارلىق روھىنى ئۇرغۇتۇشتا شېئىرىيەت ۋە دراماتورگىيە شەكلىدىن پايدىلانغان بولسا، چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتىنى، فاشىستىك سىياسىتىنى ماھىيەتلىك تۈردە ئېچىپ تاشلاشتا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى نىقاپلايدىغان ھەقىقى غەرىزىنى يوشۇرىدىغان تەشۋىقى - تەرغىبات ۋە جامائەت پىكرىگە، ھەر خىل ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستىنى، تەسلىمچىلىكنى ئاشكارلاشتا فىلىيەتوندىن ئىشارەت ئىخچام، جانلىق ھەم جەڭگىۋار ئەدىبى شەكلىدىن ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلاندى.

فىلىيەتون ئەدەبى ئىجادىيەتتىكى ئىخچام ھەجىملىك تىلى ئۆتكۈر ھەم يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، بەدىئى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تۇرمۇش دېتاللىرىنىڭ بەدىئى يۇكسەكلىكتە جانلىق ئىپادىلىنىشى ھەمدە كىنايىلىك تۇس ئارلاشتۇرۇلغان بولۇشى شۇنىڭدەك ۋەقە ھەم ھادىسىلەر، شەيئىلەرنىڭ خاراكتېر - خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ھەرىكەت جەريانى يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى بويىچە مەلۇم خاھىشچانلىققا، قاراتمىچانلىققا، كۈچلۈك ئىجتىمائى تەسىرچانلىققا ئىگە بولىدىغان ژانىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئاپتور ئۇنىڭدىن ئىجادى يوسۇندا پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆز ئىدىيىسىدىكى يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئۇزۇل - كېسىل جەڭگىۋارلىقنى، ئىنقىلابى دېموكراتىزىملىق ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى تولۇق، چوڭقۇر ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىپادىلىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى فىلىيەتونلار ئاساسەن ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلەندى؛ بۇنىڭ

بىرى ، پىكىرنى ، خاھىشنى مۇئەييەن ئوبرازلىق
كۆرۈنۈشلەر يەنى بەدىئىي چىنلىق يۈكسەكلىكىگە
كۆتۈرۈلگەن تۇرمۇش دېتاللىرى ھەمدە پېرسوناژ-
لار ئوبرازىنىڭ خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرى ، ئىش
پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەش يەنە بىرى ئىدىـ
يىۋى مەزمۇننى يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە نۇقـ
تىنەزىرىنى ئوبرازلىق تىل ۋە ھېسسىيات قويۇقلىقى
ئىچىدە سىياسىي مۇھاكىمە تۈسىدە ئىپادىلەش.
بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ئەسەرنى كىنايىلىك
تۈسكە ، ھەجۋى ۋە يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە
قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ كىنايە بىلەن
ھەجۋىلەشتۈرۈش ، خاھىشنى ئوچۇق ـ ئاشكارە ،
ئىزچىل ۋە جانلىق ئىپادىلەش بولۇپمۇ مۇھىم.
لۇتپۇللا مۇتەللىپ قىلىيەتون ئىجادىيىتىدە ئالدىنـ
قى-شەكىلدىن پايدىلاندى. بىز بۇنى ئۇنىڭ ئەـ
سەرلىرىدىكى ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئالاھـ
دىلىكتىن ئوچۇق كۆرەلەيمىز.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ فاشىستىك ماھىيىتىـ
گە ، روھى چوڭقۇرلىقىغا ، ھالاكەتلىك تەغدىرىگە
چوڭقۇرلاش ئارقىلىق جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنىڭ سىـ
ياسىي غەرىزى بىلەن ياۋۇز قىياپىتىنى ، تاشقى رەڭـ
دار تۈسى بىلەن ئىچكى ئىجىزلىقىنى ئۇزۇل ـ كېـ
سىل ئېچىپ تاشلاش ئارقىلىق خەلققە خەلق ئاممىـ
سىدىن ئايرىلغان. ھەققانىيەتچىلىكى بولمىغان
ئۇرۇشنىڭ مەيلى قانداق زامانىۋى قوراللارغا ئىـ
گە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئاخىرىقى ھېسابتا
ھامان مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىدەك
تارىخى ھەقىقەتنى ئۇقتۇرۇش ، ياپون جاھانگىرلىـ
كىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاجىز روھى ھالەت بىـ
لەن يۈكسەك ئىستىقات بىلەن پارلاق نىشانغا ئىگە
بولمىغان ئومۇمىي ئاجىزلىقى ئارقىلىق خەلقنىڭ
جەڭگىۋار ئىرادىسىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە يېـ
زىلغان بۇ قىلىيەتوننىڭ بېشىدىلا ئاپتور تىنچ ئوكـ
يان رايونىغا قاراپ كېتىۋاتقان ھەربىي پاراخوتتىـ
كى ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ، روـ
ھى ھالىتى ، مەنىۋى چوڭقۇرلىقىنى سۈرەتلەپ چىقـ
تى. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مەجبۇرى
ئەسكەر تۇتۇش يولى بىلەن ھەتتا قېرى بوۋايلار
بىلەن ياش باللارنىمۇ ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىـ
گە سۈرەپ كىرگەنلىكىنى ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىـ
نىڭ ئىنسانىيەتكە ھەر خىل شەكىل ۋە مەزمۇنلاردا
بالايى ـ ئاپەت ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىككىنچى
قەۋەت مەقسەت چوڭقۇرلىقىدا ئىپادىلىدى.

ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ھەيۋەتلىك ئۇـ
رۇش پاراخوتى بىلەن تىنچ ئوكيان ئالدىنقى سېـ
پىگە كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرنى «پادىشا ئەسكەرلىـ
رى» يەنى «پادىشاھ سامۇرايلىرى[1]» دېگەن تاـ
رىخى نام بىلەن ئاتاش ئارقىلىق ھازىرقى زامانـ
دىكى ياپون ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلار ئېلىپ بېرىۋاتـ
قان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلارنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى
دارىتملاپ كۆرسىتىدۇ ۋە تارىخى تەرەققىيات دەۋـ
رىنىڭ بىر چېتىگە سىقىپ چىقارغان ئۆز دەۋرىنىڭ
داشقاللىرى بىلەن ئۇلارنى ئوخشاش خاراكتېر ۋە
ئورۇنغا قويۇپ ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ يەنىلا
مىللەتارىستلىق ، فاشىسلىق سىياسىتىنى يولغا قوـ
يۇۋاتقانلىقىنى زور ھەجۋى تىغى بىلەن ئېچىپ
تاشلايدۇ. يۇقىرىقىدەك ئاتاش بىر تەرەپتىن
چوڭقۇر ھەجۋىلەشتۈرۈش ، ئەسەرنى شەكىل جەـ
ھەتتە كىنايىلىك تۈسكە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلـ
سا ، يەنە بىر تەرەپتىن زور سىياسىي مەقسەتكە ئاـ
ساس قىلغان. يەنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاـ
جاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قانداقتۇر ئۆزلىرىنىڭ زېمىن
يۇتۇنلىكى ، كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە پەقەت سىياـ
سى يۆنىلىش جەھەتتىكى مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاـ

---

[1] (سامۇرايي 1868 — ـ يىلى مىدزى ئىنقىلابى دەپ ئاـ
تالغان سىياسىي ئۆزگىرىشتىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغان ئاقسۆڭەكلەرـ
نىڭ ئىمتىيازلىق ھەربىلەر تائىپى . ياپوننىڭ جاھانگىر تاجاۋۇزچى
ھەربىي دائىرىلىرى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇرۇدىغان ۋاستىلار ئەمەس بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قىرىپ، ئوت قويۇپ، بۇلاپ تۈگىتىش فاشىستىك سىياسىتىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇش غەرىزىدىكى ئىنسان قىلمىيدىن چىققان ۋەھشىلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر قېزىپ چىقىش ئاساسلىق مەقسەت قىلىنغان. ئۇرۇشنى ئۇرۇش بىلەن تۈگىتىش ئاددىي ئىش، لېكىن ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتىنى، غەرىزىنى، مەقسىدىنى ئاڭ جەھەتتە چۈشۈنىش مۇھىم.

ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ ھادىسىلىك باياىندا ئاپتور ئۇرۇشتىكى ۋاستە ئادەم بىلەن قورالنى ئۆز ئارا زىددىيەتنىڭ راۋاجىدا ئىپادىلەپ، ئۇلارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا ھەر قانداق زور زامانىۋى قوراللارغا ئىگە بولغان تەغدىردىمۇ ئادەمدىن ئىبارەت ھەل قىلغۇچ ئامىل جەھەتتە ياش قۇرامى، جىسمانى قۇۋۋەت ئەقىل - پاراسەت، ئەقىدە، پىسخىكا ۋە روھتىن شۇنداقلا خەلق ئاممىسىدىن ھەققانىيەتتىن ئايرىلغانلىقىنى بىر ياش ۋە بىر قېرى ئەسكەر ئوبرازى، ئۇلارنىڭ روھى ھالىتى، پىسخىكىسى، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئەتراپىتىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى بىلەن روھى ھالىتىدىن ئوچۇق كۆرسىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىڭىغا بۇ خىل ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ھامان مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئەسەر ۋەقەلىكىنى ھاسىل قىلغان زىددىيەت مەركىزى ياپون بايرىقىغا مەركەزلەشكەن. بۇ ئۇلارنىڭ دۆلەت بايرىقى. ئۇنىڭ ئۆزى ئاق ئوتتۇرىسىغا كۈننىڭ شەكلى قىزىل رەڭ بىلەن چۈشۈرۈلگەن. مەلۇماتلارنىڭ ئۇقتۇرۇشىچە ياپونىيە شەرقتىكى ئەل، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قۇياش چۈشۈرۈلگەن بايراقنى دۆلەتنىڭ سىمۋولى قىلىۋالغان. ياپونىيە تارىخىنى سۈرۈشتۈرگىنىمىزدە ئۇلار مۇشۇ بايراق ئاستىدا نۇرغۇن قېتىم تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇلار گەرچە قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرلىرى بىلەن پۈتكۈل جاھاننى يورۇتۇشنى، كۆكەرتىشنى، مېھرىبانلىقنىڭ، تىنچلىقنىڭ، بەخت سائادەتنىڭ سىماسى قىلغان بولسىمۇ، كېيىن بۇنىڭ سىياسى - ئىجتىمائىي مەزمۇنى خاراكتېر ئۆزگەرتىشى ئېلىپ بېرىپ، قانداقتۇ بايراقتىكى قۇياش نۇر ئەمەس قان چاچىدىغان، بالايى - ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان ئەقىدىنىڭ ئوبرازىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئاپتور ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن يۇقىرىقىدەك تارىخى مەزمۇننىڭ ئىنكاسىنى ھەمدە جۇڭگوغا، تىنچ ئوكيانغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھالاكەتلىك ئۇرۇش دەپ بىلىدىغان روھنى ئۆز ئارا كىرىشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ھەم دۈشمەننى مەڭسىتمەسلىك ھەم دۈشمەنگە جىددى قاراش پوزىتسىيىسىنى جىددى ئىپادىلەيدۇ. دۈشمەننىڭ ئاجىز روھى ھالىتى، بۇزۇلغان مەنىۋىيىتى، پىسخىكىسى، چۈشكۈن تۇرقى ئارقىلىق خەلق جەڭگىۋارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىللە ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش چاقىرىقىنى قويۇق بەدىئى تۈس ئىچىدە ئىپادىلەيدۇ. «دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيى يىراقلاردىن دولقۇنلىنىپ كېلىپ، قەھرى بىلەن پاراخوتنى ئۇراتتى.» تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا ھاسىل بولغان بۇ بەدىئىي تەسۋىردە بەدىئى ئومۇملاشتۇرۇش، يىغما ئىپادىلەش، ئوبرازلىق تەسۋىر ئارقىلىق پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۆرەش دولقۇنى بىلەن خەلقىنىڭ غەزەپ نەپرەتلىك ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادىلىگەن. شۇنداقلا دۇنيادىكى تىنچلىقنى، ھەققانىيەتنى كۆزلىگۈچى خەلقنىڭ فاشىزمغا قارشى روھى، فاشىزم كۈچلىرىگە قارشى قوزغالغان ئىنقىلاب ئوتى يىغىنچاقلانغان، بۇنىڭدا يەنە ئاپتورنىڭ ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بې-

رىش چاقىرىقى ۋە غايىسى تولۇق نامايەن قىلىنـ
غان.

«پادىشاھ سامۇرايلىرى ئىغىر ھالىسرايدۇ»
1942 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، شائىر دۇنيا قاـ
راش ۋە ئىدىيۋى سىستېما جەھەتتە شۇنىڭدەك بەـ
دىئى ئالاھىدىلىك جەھەتتە پىشقان ئىجادىيەت
دەۋرىگە كىرگەن بولۇپ، ئەسەرنى تارىخى بىلىم،
كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى ۋە پەرقى، كۈچلەرنىڭ روـ
ھى چوڭقۇرلىقى ۋە پىسخىكىسى، ماھىيىتى ۋە ئەـ
مەلىي زىددىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇئەييەن
تونۇش ئاساسىدا چىنلىقتا ئىگە قىلىپ، مەزمۇن
يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، كىچىككىنە بىر تۇرمۇش
دېتالى ئارقىلىق بەدىئى ئومۇملاشتۇرۇش، كىرىشـ
تۈرۈپ ئىپادىلەش، ھېسسىيات قۇيۇقلىقىدا غايـ
ۋى تۇيغۇ ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر قوزغاش ئىجادىـ
يەت ئۇسۇلى ئارقىلىق چوڭقۇر ئىدىيۋى مەزمۇننى
ئەكس ئەتتۇرگەن.

ئەسەر قۇرۇلمىسى، زىددىيەت جەريانى نىسـ
بەتەن ئاددى، ئىخچام، جۈملە شەكلىمۇ يازغۇچىـ
نىڭ كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرىتى ۋە قۇيۇق ھېسسـ
يات دولقۇنى ئىچىدە ئىزچىل، ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ
شەكىلدە بولماستىن بەلكى ئوچۇق ۋە ئاددەتتىكى
بايان ۋە دىئالوگ شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. بۇ بىر
تەرەپتىن يازغۇچىنىڭ ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىنىڭ
تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن تولۇق، جانلىق ھالدا
تونۇشلۇقىنىڭ بولمىغانلىقى ھەمدە مەلۇم سىياـ
سى ـ ئىجتىمائى مەقسەتنى ئاساس قىلىپ، بەدىـ
ئى تاللاش ئېلىپ بارغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يازغۇچىنىڭ ئىدىيۋى
خاھىشى، غايىۋىلىكنى گەۋدىلەندۇرۇشنى ئاـ
ساس قىلغانلىقى ئوچۇق ھەمدە يازغۇچى سوبېيكـ
تىۋىنىڭ ئوبرازلىق تۈردە ئىپادىلەنگەنلىكىدىن ئەـ
نە شۇنداق بولغان. دېمەك، بىز ئەسەرنىڭ ئۆتتۇـ
غىنى ئىدىيۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر، كەڭ دائىرىلىـ
ىكىدىن، يازغۇچى سوبېيكتىۋىنىڭ ئوبرازلىق ئىپاـ
دىلەنگەنلىكىدىن ھەمدە تۇرمۇش چىنلىقى ئاساـ
سىدا مەنىۋى چوڭقۇرلۇقىنى قوزغىغانلىقىدىن ئىزـ
دەيمىز.

### 3. «ئەجەل ھۇدۇقۇشىدا» ناملىق فىلىيەتون ھەققىدە

دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزىم كۈچلەرگە قارشى
ھەققانى كۈرىشىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن يېزىلغان
بۇ فىليەتون 1942 ـ يىلى مايدا يورۇقلۇقتا چىقـ
قان بولۇپ، گېزىت خەۋىرىدىن چوڭقۇر تەسىرات
قوبۇل قىلىش ئارقىلىق تارىخى بىلىمى، جۇغراپىـ
يىۋى ساۋادى ۋە شۇ دەۋرگە نىسبەتەن دىئالېكتىكـ
لىق چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن
سىيۇژىت قۇرۇلمىسنى يەنى زىددىيەت جەريانىنى،
ۋەقەلىك گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىپ، ھىتلىر ۋە مۇـ
سولىنى باشچىلىقىدىكى فاشىزم ئېقىمى ۋە ئۇلارـ
نىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرى بىلەن جاھىل، ياۋۇز،
سۇيىقەستچى، ئۇرۇشخۇمار، زېمىنخۇمار ماھىيىتىـ
نى، شۇنداقلا ئىنقىلابى كۈچلەرنىڭ ئومۇمييۈزلۈك
جازالىشى ئاستىدىكى ئوبېيكتىپ ئەھۋالى بىلەن
ئۈمىدسىز روھى ھالىتىنى چوڭقۇر ھەجۋىلەشتۈـ
رۈش، ئۆتكۈر كىنايە ۋە يۇمۇرىستىك تۈستە جانـ
لىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئاپتور كومېدىيىلىك كۆـ
رۈنۈشتىكى تۇرمۇش رېئاللىقىنى، دراماتىك خۇـ
سۇسىيەتكە ئىگە زىددىيەت جەريانىنى، جىددى مەـ
نىۋى كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن دىئالوگلار
ئارقىلىق فاشىستىك كۈچلەرنىڭ روھى قىياپىتى بىـ
لەن نورمالسىز ھەرىكەت جەريانىنى جىددى ئىپادىـ
لىدى. ئارقىدىنلا باش پانا ئىزدەپ، چىقىش يوـ
لى ئىزدەپ ئۆزىنى ھەر ياققا ئۇرۇپ ئاخىرى ھىتـ
لېرنىڭ سايىسىدا سەگىدەشنى راۋا كۆرگەن مۇـ
سولىنىنىڭ ئاجىز ئىرادىسى بىلەن ئۇرۇش ئوتى ئىـ

چىدە قىلىپ تەغدىرىدىن قايغۇرغان قىياپىتىنى قو-
يۇق ھەجۋى تۈستە ئىپادىلەش ئارقىلىق، ئوتتۇرا
دېڭىز رايونىدىكى خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئوت - يال-
قۇنىنى ۋە پاجىئەلىك ئەھۋالدا جان تالىشىۋاتقان
ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى
قىسقىچە ئىخچاملاپ كۆرسەتتى. مۇسۇلىنىنىڭ رو-
ھى چوڭقۇرلۇقىنى، شۇ تارىخى رېئاللىقتىكى پىس-
خىكىسىنى قېزىش ئارقىلىق ئېچىپ كۆرسەتكەن. بۇ
ئوبرازلىق كۆرۈنۈشتە ئاپتور بەزى كونكرېت را-
يونلاردىكى ئۇرۇش ئەھۋالىنى جانلىق قېزىش
ئارقىلىق ئېچىپ كۆرسەتكەن. بۇ ئوبرازلىق كۆرۈ-
نۈشتە ئاپتور بەزى كونكرېت رايونلاردىكى ئۇ-
رۇش ئەھۋالىنى جانلىق يېزىش ئارقىلىق فاشىزمغا
قارشى ئېقىمنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى بىلەن
ھالاكەت ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان ھېتلىر بىلەن
مۇسۇلىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدىكى ئېغىر ئا-
قىۋەتلەرنى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىك پىلان ۋە ھىلە
- مىكىرلىق مەخسەتلىرى ئاساسىدىكى دىئالوگلار
ئارقىلىق ئىپادىلىدى. بۇ پەردە ئاپتور فاشىست
ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاجىزلىق بى-
لەن ماھىيەتلىك بۆلۈنۈشنى، بېقىنىش ۋە بېقىندۇ-
رۇش تەرەپلىرىنى كۈچلۈك ھەجۋىلەشتۈرۈش ئار-
قىلىق ئىپادىلەپ كۆرسەتتى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ مۇسۇلىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى
ئاستىدىكى ھەربى كۈچلەرنىڭ ھالاكەتلىك ئۇ-
رۇشلار خاتىرىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز قىيا-
پىتى بىلەن تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەغ-
لۇبىيىتىگە چاپان ياپقان سۆھبەتلىرىنى يۇمىرىس-
تىك شەكىلدە ئىپادىلەش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن فا-
شىزمغا قارشى كەڭ فوروونتلاردىكى جەڭگىۋار تە-
رەققىياتنى ياندىن تەسۋىرلىسە؛ يەنە بىر تەرەپ-
تىن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ غالىبىيەت تورى ئىچى-
گە قاپسىلىپ قالغانلىقىنى يۇقىرىقى جەڭگىۋار يۈ-
رۈشنىڭ ئىككىنچى مەزمۇن قاتلىمى سۈپىتىدە

ئەكس - ئەتتۈردى. ئەسەرنىڭ مۇشۇ بۆلۈگىدە
ئاپتور ئۇيغۇر فىلىيەتون ئىجادىيىتىدىكى بەدىئى
خۇسۇسىيەتلەرنى يەنى بىر پۈتۈن سيۇژېت قۇرۇل-
مىسىدا بەلگىلىك ئىدىيىنى ئىپادىلەش، خاھىش-
چانلىقنى روشەنلەشتۈرۈش، ھەجۋى ۋە كىنايە تۈ-
سىنى شۇنداقلا يۇمۇرستىك خۇسۇسىيەتنى تەبى-
ئى، جانلىق ئىپادىلەشتەك ئالاھىدىلىكلەرنى بىر
قەدەر قويۇق ئەكس - ئەتتۈردى. ئاپتور بىر قاتار
يۇمۇرستىك تۈستە ئىپادىلەنگەن دىئالوگلار ئارقى-
لىق گېتلىرنىڭ سىياسى غەرىزىنى يەنە بىر قېتىم ئې-
چىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئىتالىيىنى فاشىستىك مەق-
سىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇ-
رۇۋالماقچى بولغانلىقىدەك نەيرىڭىنى ئىچكى جە-
ھەتتە ئېچىپ تاشلىغانلىقىنى ئاپتور مۇسۇلىنى قو-
شۇنىنىڭ روھىيەت جەھەتتە بۇزۇلغانلىقىدىن، ئەق-
دە بىرلىكىنىڭ پارچىلانغانلىقىدىن، ئومۇمىي مە-
يۇسلۇك، چۈشكۈنلۈك ھالىتىدىن ئىپادىلىدى.

فىليەتوننىڭ ئاخىرقى مەزمۇنى مۇسۇلىنىنىڭ
چۈشى شەكلىدە ئەكس - ئەتتۈرۈلگەن، ئۇ چۈ-
شىدە ئوتتۇرا دېڭىز رايونىنىڭ ئىتتىپاقداش قو-
شۇنىنىڭ ئەسكەرلىرى، قوراللىرى بىلەن تولغانلى-
قىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئومۇمىي قارشىلىق دولقۇنى-
نىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەۋج ئالغانلىقىنى كۆردى.
دۇنيا مىقياسىدىكى فاشىزمغا قارشى كۈرەش دول-
قۇنىنىڭ ئومۇمىي رېئاللىقى ئارقىلىق مۇسۇلىنىنىڭ
چۈشىنى تەسۋىرلىگەن. ئاپتور ھالاكەت ئالدىدا
جان تالىشىۋاتقان گېتلىر بىلەن مۇسۇلىنىنىڭ ھايا-
تىدا دۇچ كەلگەن ئېغىر سىياسى - ئىجتىمائى بوھ-
ران بىلەن ئىختىسادى، ھەربى ۋە باشقا جەھەت-
لەردىكى ئېغىر ئەھۋالىنى، چۈشكۈن روھى ھالىتى
بىلەن ئۈمىدسىز كەيپىياتىنى، ئۆز ئارا كىرىشتۈ-
رۈپ، بەدىئى ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ چۈش
تۈسىدە ئىپادىلەيدۇ. دېمەك بۇ چۈش رېئاللىقنىڭ
بەدىئى ئىنكاسى، روھى چوڭقۇرلۇقىدىكى زىددى-

يەتلىك ھالەت بىلەن ھالاكەتلىك تەقدىرى ھەققىدە ئېلىپ بارغان جان تالىشىش ھەرىكەتلىرىنىڭ بەدىئىي يىغىندىسىدىن ئىبارەت .

مۇسۇلىنى قورقۇپ :

- ۋاي ھىتەك ( گېتلىر ! ) - دەپ ۋاقىرىۋەتتى .

- ۋالاقلىماي جىم يات ! - دېدى ھىتلىر بوغۇق ، سەت ئاۋازى بىلەن .

ئىككىسى بىر - بىرىگە يات ئادەملەردەك ماي تارتىشىپ قارىشىپ ، خورازلاردەك بازغىشىپ ، ئوتتۇرا دېڭىز تەرەپتىكى دەرىزىدىن كىرىۋاتقان شامالدا ، مۇزلىغاندەك غوللىرىنى چىقىرىپ ، ھودۇقۇپ گاڭگىراشتى ، ھىتلىر ئاستاغىنە دېدى :

- ھۆكۈمرانلىق ھارۋىمىز پاتقاققا پاتتى . بىر چاقى شەرقتە ، يەنە بىر چاقى غەربتە .........

- پېتىش بۇياقتا تۇرسۇن ئوقمۇ سۇندى .........

- « ئوقى سۇندى » !

ئىككىسىنىڭ كۆزى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى . »

قىسقا ، جانلىق دىئالوگ شەكلى ئارقىلىق ھاسىل بولغان بىر پارچە تەسۋىردە ئاپتور شىمۇلستىك ۋاستە ئارقىلىق فاشىزم ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسكى ھارۋىغا ئوخشىتىپ ، ئۇنىڭ دولقۇن ۋە شىددەتلىك بوراندا ئەبجەغى چىققان تۇرقىنى ئوبرازلىق ، جانلىق ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تارىخى ماتېرىيالىزملىق ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىنەزىرى بويىچە تارىخى تەرەققىياتقا باھا بەردى . كېيىنكى ئوبيېكتىپ رىئاللىق بۇنى تولۇق ئىسپاتلىدى .

ئەسەرنىڭ مۇھىم بەدىئىي ئۇتۇغىنى كۆپ جەھەتتىن ئىزلەشكە بولىدۇ . ئۇنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلغان تىلىنىڭ جانلىق ، ئوبرازلىق ئىكەنلىكى ، دىتاللارنىڭ ئىخچام ۋە ئېنىق ئىكەنلىكى ؛ دىئالوگلارنىڭ ئۆزىدىكى مەزمۇن يۈكلىمىسىدىن باشقا يەنە يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ھەم خاراكتېرىنى ، ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى ئۆزىگە قوشۇمچە يۈدۈپ كېلىشى ، شۇنداقلا كۆچلۈك دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇش بىلەن ئىخچام ، ئوبرازلىق ھەم ئاھاڭدارلىقتا ئىگە بولۇشى ئومۇمىي نەزىرىمىزگە ئاسان چېلىقىدىغان بىر تەرەپ ، بۇ خىل بەدىئىي ئۇتۇق كىشلەرگە فاشىزم ئۇرۇشىنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئاخىرقى ھالاكەتلىك تەقدىرىنى ئوبرازلىق تۈردە ئىپادىلەش بىلەن بىرگە ھىتلىر ۋە مۇسۇلىنگە ئوخشاش بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سۈيقەستلىك سىياسى غەرىزى ، ياۋۇز قىياپىتىنى جانلىق سۈرەتلەش ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىدە ئومۇمىي قارشىلىق تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتتى .

ئەسەر قۇرۇلما جەھەتتە ئىخچام ، بىر قەدەر ئورگانىك گەۋدە ھاسىل قىلغان قۇرۇلما ئىچىدە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى مەسىلىنىڭ ئىككىنچى تەرىپى بولغان فاشىزم كۆچلىرىنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقى ، روھى چۈشكۈنلىكى ، ۋەھمىلىك مەنىۋى قاتىلمىنى ، ئوبرازلىق تۈردە جانلىق ھەجۋىلەشتۈرۈش ، كۆچلۈك كىنايە ھالىتىدە ئېچىپ بەرگەن . روھى چوڭقۇرلۇقتىكى ، ھەرىكەتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋە ئاجىزلىقلارنى ئاپتور ئوبيېكتىپ رىئاللىقتىكى خىلمۇ - خىل ھادىسىلىك ئىپادىلەشلەردىن بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەن . دېمەك ، ھىتلىر بىلەن مۇسۇلىنى ئوبرازىدا ھەم ئۆزلىرىگە تەۋە خاسلىق ھەم ئومۇمى ھالەتكە تەئەللۇق قاراتمىلىقلار يىغىلغان . شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى جانلىق ئەكس - ئەتتۈرۈشتە ، چىنلىق بىلەن سۈرەتلەشتە ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى بىلەن سوبيېكتىپنىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسىنى ئۆز ئارا يۇغۇرۇپ بەرگەن . شۇنداقلا بۇ خىل ئىپادىلەش فىلىيەتون خۇسۇسىيىتى بويىچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولغان ئىدى.

خائىش گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاشۇرۇلغان. ئەسەردە بىر پۈتۈن سىيۇژىت قۇرۇلمىسىدىكى تەسۋىر ۋە ئىپادىلەشلەرگە يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسى ۋە دىئالېكتىك غايىسى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئەسەرنى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش، خەلقنى ئاڭ ۋە ئىدىيە جەھەتتە تەربىيەلەش رولىغا ئىگە قىلغان. ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى ئوتتۇرا دېڭىز جۇملىدىن ئىتالىيىنىڭ ئىجتىمائى ئورنىنى تەسۋىرلەشتە، ھېتلېر بىلەن مۇسولىنىنىڭ روھى ھالىتىنى، ھەرىكەت جەريانىنى ئىپادىلەشتە بۇ نۇختا تولۇق نامايەن بولىدۇ، ئاپتور مۇشۇ نۇقتىدا سەلبى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىنقىلاب ئېقىمىنىڭ توختاۋسىز تەرەققىياتىدىن بىشارەت بەردى.

ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ھېكايىچىلىق خۇسۇسىيەت گەۋدىلەندۈرۈلگەن. فىلىيەتون پىكىر جەھەتتە، يازغۇچىنىڭ خاھىشى جەھەتتە سىياسى مۇھاكىمىنى ئاساس قىلغان. ئەندى ئۇنى ئىپادىلەش جەريانىدا بىر پۈتۈن سىيۇژىت قۇرۇلمىسىنى ئوبرازچانلىققا ئىگە قىلىش ئارقىلىق ئاپتور تەسۋىرى، بايانى ھەمدە پېرسوناژلارنىڭ مۇۋاپىق دىئالوگى يەنى ئەسەر ۋەقەلىكىگە ئۇيغۇن دىئالوگلار ئارقىلىق زىددىيەتنى تەرەققى قىلدۇرغان ۋە ئاخىرقى يەشمىنى بەرگەن. بۇ يەردە پېرسوناژلار ئوبرازىنى مۇئەييەن ئىدىيىۋى قاراشقا، ئىندىۋىداللىق ھەم ئومۇمىيلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىش، شۇنداقلا زىددىيەت تەرەققىياتىنى پېرسوناژلارنىڭ كونكرېت ھەرىكەت پائالىيىتى، روھى ھالىتى ئارقىلىق ئىپادىلەش، مۇۋاپىق تۈردە ئاپتور بايانى ۋە تەسۋىرىنى يېزىپ، ئۇلارنى ئۆز ئارا كىرىشتۈرۈش ئارقىلىق فىلىيەتوننىڭ شۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈردى، بولۇپمۇ سىياسى مۇھاكىمىلىك بايان ئورنىغا ئوبرازلىق تەسۋىر ۋە بەدىئى ئىپادىلەشنى قوللىنىش، تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ بەدىئى يۈكسەكلىكتە خاھىشنى ئىپادىلەش، تارىخى رىئالنى شەخسلەرنى كۆپ خىل تەرەپتىن قېزىش ئۇنىڭ فىلىيەتون ئىجادىيىتىدىكى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دراماتىك توقۇنۇش، دراماتىك ئىپادىلەش ۋە يەشمە مۇھىم بەدىئى خۇسۇسىيەت ھېسابلىنىدۇ. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ مۇشۇ فىلىيەتونىدا يۇقىرىقى نۇقتىنى پۈتكۈل سىيۇژىت قۇرۇلمىسىنىڭ ھەر بىر قاتلىمىدا، ياندىن تەسۋىرلەنگەن ئۇرۇش ئەھۋالى، پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتى ۋە ھەرىكەت جەريانى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى بىلەن روھى ھالىتى، زىددىيەتنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىياتى جەريانىدا، شۇنداقلا پېرسوناژلارنىڭ زىددىيەتلىك ئىدىيىۋى ھالىتى بىلەن مەنىۋى دۇنياسى ھەمدە بۇنىڭ جانلىق ئىپادىسى بولغان دىئالوگلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ئىپادىلىگەن.

ئومۇمەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ فىلىيەتون ئىجادىيىتىنى ھەر خىل ژانىردىكى بەدىئى تەرەققىياتى بىلەن ئورگانىك تۈردە كىرىشتۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە ئۆز نۆۋىتىدە كۈچلۈك ھەجۋىلىككە، چوڭقۇر كىنايىگە ۋە يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە قىلىش ئارقىلىق ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنغا، ئاكتۇئال تېمىغا، مۇنتىزىم بەدىئى قۇرۇلمىغا، ھەمدە بىر قەدەر ئىزچىل ۋە گەۋدىلىك خائىشچانلىققا ئىگە قىلغان بولۇپ، فىلىيەتون ئىجادىيىتىنىڭ قاراتمىچانلىقى، ئىجتىمائى رولى، ئۆزىگە خاسلىقى ھېلىغىچە بەرگەن ھەر قانداق باھا ۋە تەھلىللىمىزدىن خېلى دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ فىلىيەتونلىرىنىڭ ئۆزىدە ھېلىغىچە ھەم ھېلىمۇ ئەشۇنداق تەتقىقات چوڭقۇرلىقىدىن خالى تۇرماقتا.

# تىبەتلەرنىڭ ئۇدۇندىكى ھۆكۈمرانلىقى توغرىسىدا

بەختىيار تۇرسۇن ، مەمتىمىن مەڭلىك

قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىنىڭ بىرى ھېسابلانغان ئۇدۇن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى چېتىگە جايلاشقان بولۇپ ، جەنۇبتا كۇئېنلۇن تېغى ئارقىلىق تىبەت ئېگىزلىكى بىلەن چېگرىلىنىپ تۇرىدۇ . تىبەت بىلەن ئۇدۇن جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن بىر - بىرى بىلەن خوشنا بولغاچقا ، تىبەت خەلقى بىلەن ئۇدۇن خەلقى قەدىمدىن بېرى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلدى . بۇ مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىش بىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . بۇ ماقالىمىزدا مىلادى 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشقان تىبەتلەرنىڭ ئۇدۇندىكى ھۆكۈمرانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز .

**1 . تىبەتلەرنىڭ باش كۆتىرىشى ۋە ئۇدۇنغا باستۇرۇپ كىرىشى .**

قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى ھۆججەتلەردە تۆبۈت » ياكى « تۈبۈت » دېگەن ناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن تىبەتلەر ، قەدىمدە غەربىي شىمال رايوندا ياشايدىغان چياڭ قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان .① ئۇلار مىلادى 6 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ كۈچىيىشكە باشلىدى ھەمدە بۈگۈنكى تىبەت ، كۆكنۇر ئەتراپىغا كېڭەيدى . تارىخى ماتېرىياللاردا « تۈبۈت » دېگەن ئاتالغۇمۇ دەل مۇشۇنىڭدىن باشلاپ تىلغا ئېلىندى . مىلادى 7 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ئۇلارنىڭ مەشھۇر خاقانى سوڭزەن گەنپۇ تارقاق تىبەت قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تىبەت خانلىقىنى قۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن تېز راۋاجلاندى . دەل مۇشۇ چاغدا ئۇلار بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى ھەم يېزىققا ئىگە بولدى .② مىلادى 651 - يىلى سوڭزەن گەنپۇ ئۆلۈپ ، تېخى يېشىغا يەتمىگەن نەۋرىسى تەختكە چىقتى . ئەمەلىي ھوقۇق چوڭ ئاقسۆڭەك گېشى جەمەتىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى ، گېشى جەمەتى سوڭزەن گەنپۇ يۈرگۈزگەن بىر قاتار سىياسەتلەردىن ۋاز كەچتى ھەمدە ئەتراپىقا قاراپ داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ ، بۇ رايونلارنى قاتتىق پاراكەندە قىلدى . بولۇپمۇ ئۇدۇن رايونىنى ئىككى ئەسىرگە يېقىن پاراكەندە قىلدى .

مىلادى 665 - يىلى تىبەت قولدار ئاقسۆڭەكلىرى غەربىي تۈركلەرنىڭ گۇڭيۈ قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ ، ئۇدۇنغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇدۇن ھاكمىيىتىنى بىر مەزگىل كونترول قىلدى . كېيىن تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا ئەسكەر چىقىرىپ ، غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى بەگلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ تىبەتلەرنى ئۇدۇندىن قوغلاپ چىقاردى ھەمدە ئۇدۇندا مەھكىمە قۇرۇپ بۇ كەڭ زېمىنىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى مىلادى 670 - يىلى تىبەتلەر ئەنشىدىكى تۆت شەھەرگە بولغان ھۇجۇنى كۈچەيتتى . ئۇلار غەربىي يۇرتتىكى 18 ئايماقنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇدۇندىكى تاڭ سۇلالىسغا قارشى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ كۇسەن ، باخان ( ھازىرقى ئاقسۇ ) شەھەرلىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى . شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتى . مىلادى 675 - يىلى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى بىلەن تىبەت كۈچلىرىنى غەربىي يۇرتتىن قوغلاپ چىقاردى .③ مىلادى 856 - 688 - يىللىرى ئارىلىقىدا تىبەتلەر تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇننى تالىشىپ يەنە ئۇرۇش-

تى. نەتىجىدە تاڭ سۇلالىسى مەغلۇب بولۇپ (ئۇرۇشتا)، ئۇدۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. مىلادى 692 - يىلى تاڭ سۇلالىسى گەرچە تىبەتلەردىن ئۇدۇننى تارتىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما دائىم تىبەتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ تۇردى.

مىلادى 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن چى سۇڭ دېزەن تىبەت خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقتى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە تىبەتلەر زور دەرىجىدە كۈچەيدى. چى سۇڭ دېزەنمۇ ئىلگىرىكى خانلارغا ئوخشاش سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ 790 - يىلى بەشبالىقنى بېسىۋالدى. 791 - يىلى شىجۇ ۋە ئۇدۇننى بېسىۋالدى. نىيە ناھىيىسىنىڭ ئەندىر خارابىسىدىن تېپىلغان بىر پارچە ۋەسىقىدە جېن يۈەن 7 - يىلى (مىلادى 791 - يىلى) تىبەتلەرنىڭ ئۇدۇننى بېسىۋالغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ خاتىرە بىزنىڭ پىكرىمىزنى تەستىقلايدۇ. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تىبەتلەرنىڭ تارىخى ھۆججىتى بولغان «زانپۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا تىبەتلەرنىڭ ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلغانلىق ئەھۋالى بايان قىلىنغان بولۇپ ئۇنىڭغا «بۇ خان ۋاقتىدا (چى سۇڭ دېزەن. مىلادى 755 - 797 - يىللىرى) مۇلۇچى ۋە سۇرۇمۇلار يازدا لەشكەر تارتىپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ئۇدۇننى بويسۇندۇردى ھەمدە ئۇدۇن خەلقىدىن باج - سېلىق يىغدى» ④ دېيىلگەن. بىز بۇ ئىككى ھۆججەتتىكى خاتىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى بىر - بىرىگە ئاساسەن ماس كېلىدۇ.

**2 . تىبەتلەرنىڭ ئۇدۇندا يولغا قويغان تۈزۈملىرى**

تىبەتلەرنىڭ ئۇدۇندا يولغا قويغان تۈزۈملىرىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردىن بايان قىلىمىز.

بىرىنچى، سىياسىي جەھەتتە. يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا تىبەتلەر ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ئاساسەن بېقىندىلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ يەرلىك كىشىلەرگە تايانغان. بۇ مەزگىلدە ئۇدۇننىڭ خان جەمەتى ھېسابلانغان ۋېيسارا (Visa') جەمەتىنىڭ ئورنى قانداق ئىدى؟ بۇ مەسىلىدە خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر مازار تاغ خارابىسىدىن تېپىلغان ئۇدۇن يېزىقىدىكى MT. bii0065 - نومۇرلۇق ھۆججەتتىكى ئۇدۇن پادىشاھى ۋېيساراكىرتى (Visa') (Kirti) مەدھىيىلەنگەن «تىبەتلەرنى قوغدىغۇچى ئەڭ ئۇلۇغ ئۇدۇن دۆلىتى، ئۇنىڭ پادىشاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 6 - يىلغا قەدەم قويدى» ⑤ دېگەن بىر جۈملە سۆز ۋە شۇ خارابىدىن قېزىۋېلىنغان ئۇدۇن يېزىقىدىكى MT. C0018 نومۇرلۇق ھۆججەتتىكى «ئۇدۇن پادىشاھى ۋېيسارا كىرتىنىڭ 4 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى» ⑥ دېگەن مەزمۇنلارغا ئاساسلىنىپ، «تىبەتلەر ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا بېقىندىلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن مازار تاغ، ئالتە شەھەر (بۈگۈنكى چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالى) ۋە ئەندىر دەريا بويلىرىدا ئەسكەر تۇرغۇزسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋېيسارا جەمەتىنىڭ ئۇدۇندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشقا يول قويۇپ، ئۇلاردىن پەقەت تەۋەلىك بىلدۈرۈشنى، باج - سېلىق تاپشۇرۇشنى ھەم يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشنى تەلەپ قىلغان» ⑦ دەپ قارايدۇ. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان PT. 1089 نومۇرلۇق ھۆججەتتىكى «تىبەت پادىشاھى ئۇدۇن خانىنىڭ تۆھپىسىگە قاراپ، ئۇنىڭغا مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈپ، ئۇنى پادىشاھلارنىڭ نام شۆھرىتىگە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئۇدۇندا تۇرۇشلۇق كۈمۈش مۆھۈرلۈك تىبەت ئەمەلدارلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى. ئۇدۇندىكى

باشقا ئىش باشقۇرغۇچى ۋەزىرلەرگە گەرچە ئال‍ـ
تۇن ۋە قاش تېشى مۆھۈرلەر تارقىتىپ بېرىلگەن
بولسىمۇ، ئەمما تىبەتلەرنىڭ مىس مۆھۈرلۈك ئە‍ـ
مەلدارلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولاتتى» ⑧ دېگەن
مەزمۇنلارغا ئاساسلىنىپ، «تىبەت ئەمەلدارلىرى
ئۇدۇندا ئەڭ ئالىي ھوقۇقتىن بەھرىمان ئىدى.
ئۇلار ئۇدۇن پادىشاھلىرى ۋە ئاساسلىق ئىش
باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلارنى خالىغانچە تەيىنلەپلا
قالماستىن يەنە ئۇلار ئۇدۇندا ئۆزلىرىنىڭ (تىبەت‍ـ
لەرنىڭ) جازا قانۇنىنى يولغا قويۇپ، ئەدلىيە
ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلىگەن. ئۇدۇن پادىشاھلىر‍ـ
ىنىڭ ھوقۇقى كىچىك، ئورنى تۆۋەن بولۇپ، ئەمە‍ـ
لىيەتتە ئۇلار تىبەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بېقىندىسى
ئىدى» دەپ قارايدۇ. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر
ئاساسلانغان ھۆججەت ۋېيسارا جەمەتىنىڭ مەي‍ـ
دانىنى چىقىش قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا
ۋېيسارا جەمەتىنىڭ ئورنى سەل مۇبالىغىلەشتۈ‍ـ
رۈۋېتىلگەن. ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر ئا‍ـ
ساسلانغان ھۆججەت تىبەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەي‍ـ
دانىدا تۇرۇپ يېزىلغان بولۇپ، ۋېيسارا جەمەت‍ـ
ىنىڭ ئورنى چۈشۈرۈۋېتىلگەن. شۇڭلاشقا بۇ ئىك‍ـ
كى خىل ھۆججەتنىڭ ھېچقايسىسى بىزنى ئېنىق پا‍ـ
كىت بىلەن تەمىن ئېتەلمەيدۇ. ئەگەر بىز ئوبيېكتىپ
ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ھۆججەتلەر‍ـ
نى كونكرېتنى تەھلىل قىلساق، بۇ ئىككى خىل قا‍ـ
راشتىكىلەر ئاساسلانغان تارىخىي رېئاللىقنىڭ بىر‍ـ
دەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز ھەمدە تىبەت ئەمەل‍ـ
دارلىرىنىڭ ئۇدۇن پادىشاھلىرىنى خالىغانچە ۋە‍ـ
زىپىگە قويۇپ، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتەل‍ـ
مەيدىغانلىقىنى، قەدىمدىن بېرى ئۇدۇنغا ھۆكۈم‍ـ
رانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ۋېيسارا جەمەتىنىڭ تە‍ـ
بەتلىكلەرنىڭ ئىتراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ ئۇدۇنغا
داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەدلىيە
ۋە خەلق ئىشلىرى جەھەتتە ۋېيسارا جەمەتىنىڭ خې‍ـ
لى چوڭ ھوقۇقتىن بەھرىمان ئىكەنلىكىنى بىلە‍ـ
ۋالالايمىز. مازار تاغدىن قېزىۋېلىنغان 20 - نو‍ـ
مۇرلۇق ھۆججەتتە: «خېلگى (Helge) ۋە ناگ
(Nag) دا يۇز بەرگەن بۇلاڭچىلىق دېلوسى توغ‍ـ
رىسىدىكى دۆرې (Mdo — bzher) ئالىيلىرىنىڭ
جىددىي ھۆججىتىنى تېخى تاپشۇرۇپ ئالمىدىم،
مەن ئۆز پۇقرالىرىم ئىچىدىكى بىر قاراقچىنى سەن‍ـ
خۇ دېگەن جايغا ئېلىپ بارىمەن ... ئۇ ھازىر يالاپ
ئېلىپ كېتىلىۋاتىدۇ ... قاراقچىنىڭ شېرىكلىرىنىڭ
تېزرەك جازالىنىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە ئېلىپ
كېلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى ئىلتىماس قىلىمەن»
⑨ دېيىلگەن بولۇپ، بىزنىڭ يۇقىرىقى خۇلاسى‍ـ
مىزنى تەستىقلايدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا تىبەتلىكلەر بىلەن ئۇدۇنلۇقلار
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىشغالىيەتچىلەر بىلەن
ئىشغال قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشاش
بولماسلىقى مۇقەررەر. ئەمما ئۇدۇن تىبەتلەرنىڭ
غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى بازىسى بو‍ـ
لۇپ، ئۇنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم
ئىدى. ئەگەر تىبەتلەر ئۇدۇندا كۈچلۈكرەك قارشى‍ـ
لىققا دۇچ كەلسە، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل غەربىي يۇرت‍ـ
تىكى ھۆكۈمرانلىقى كرىزىسكە دۇچ كېلەتتى. ئۇ‍ـ
نىڭ ئۈستىگە دىنىي سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇدۇن تى‍ـ
بەتلەرنىڭ نەزىرىدە غەربىي يۇرتتىكى بۇددا دىنى‍ـ
نىڭ مۇقەددەس جايى بولغاچقا (مەشھۇر تارىخىي
ئەسەر «خەنزۇ - تىبەت تارىخ توپلىمى» دا ئۇ‍ـ
دۇن توغرىلىق مەخسۇس «مۇقەددەس جاي ئۇدۇن‍ـ
نىڭ پادىشاھلىرى» دەپ بىر باب ئاجرىتىلغان) (
10 ) ئۇلار بۇ جايدا چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەت‍ـ
لەر بىلەن شۇغۇللىنالمىدى. كەڭ ئەمگەكچى خەلق‍ـ
قە كەلسەك، ئۇلارنىڭ تىبەت قولدارلىرىنىڭ زۇل‍ـ
مىغا ئۇچرىشى شۈبھىسىز. ئەمما ئۇدۇندىكى دېھ‍ـ
قان - چارۋىچىلار ئاساسەن مۇستەقىل ھالىتىنى

www.uyghurkitap.com



ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى
قوللارنىڭ ۋە خېشى لوڭشىدىكى خەلقنىڭ ئەھۋا-
لىدىن خېلىلا ياخشى ئىدى. (خىشى - لوڭشى
رايونى مىلادى 791 - يىلدىن 860 يىلغىچە تىبەت-
لەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان) بىر پارچە تارشا
پۈتۈكتە (قىزىۋېلىنغان ئورنى نامەلۇم): «يۈجى
قەبىلە ئاقساقىلى چىلى ماجىغا دوكلات قىلىپ:
ئەگەر بۇ جايدا تۇرۇشلۇق تىبەتلىكلەر بىلەن ئۇ-
دۇنلۇقلار ئوتتۇرىسىدا يايلاق تالىشىپ جىدەل -
ماجىرا كېلىپ چىقسا، ئۇدۇنلۇقلار ئۇچۇن باشقا
يايلاق تېپىپ بېرىش كېرەك. باشقا يايلاق تېپىپ
بەرمىسە بولمايدۇ، دېدى»( 11 ) دېيىلگەن بو-
لۇپ، بۇنىڭدىن بىز تىبەتلىكلەر بىلەن ئۇدۇن-
لۇقلارنىڭ ئورنىنىڭ ئانچە چوڭ پەرقلەنمەيدى-
غانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئىككىنچى، ئىقتىسادى جەھەتتە، تىبەتلەر ئۇ-
دۇندا يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىش ۋە ھېسابات
دەپتىرى تۈزۈمىنى يولغا قويغان.

يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمىگە كەل-
سەك، ئۇدۇندىكى يەرلەر ئاساسەن پادىشاھلىق
يەرلەر ۋە مۇئاشلىق يەرلەر دەپ ئىككىگە ئاي-
رىلاتتى. پادىشاھلىق يەرلەر پادىشاھقا تەۋە بو-
لۇپ بۇ يەرلەرنى كىملەرنىڭ تېرىيدىغانلىقى نامە-
لۇم، مۇئاشلىق يەرلەر ئەمەلدارلارغا مۇئاش ئور-
نىدا بېرىلگەن يەرلەر بولۇپ ئۇدۇندىكى ئەمەل-
دارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر پارچىدىن ئوخشىمىغان
كۆلەمدە يېرى بار ئىدى. بۇ ھەقتە 2 - نومۇرلۇق
تارشا پۈتۈكتە «كىچىك ۋاڭ باۋبۇنىڭ تېرىقچىلىق
يېرى بىر دور ... زى شيۇنىڭ دېھقانچىلىق يېرى
بىر يېرىم دور»( 12 ) دەپ يېزىلغان (بىر دور 10
موغا تەڭ). بۇ يەرلەردىن باج ئېلىنمايتتى. ئە-
مەلدارلار ئادەتتە بۇ يەرلەردە باشقىلارنى ياللاپ
ئىشلىتەتتى. بەزىلىرى يەرلىرىنى دېھقانلارغا ئى-
جارىگە بېرەتتى. بۇ ھەقتە 15 - نومۇرلۇق تارشا
پۈتۈكتە «ناسوك ئۆز يېرىدە ئۈچ كىشىنى ياللاپ
ئىشلەتتى ... ئۇنىڭ يېرى ئۈچ دور»( 13 ) دەپ
خاتىرە قالدۇرۇلغان.

بەزى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا يۇقۇر-
قىلاردىن باشقا ئۇدۇندا يەنە ئۆز ئالدىغان مۇس-
تەققىل تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارمۇ بار بو-
لۇپ، ئۇلار ھۆكۈمرانلارغا باج تاپشۇراتتى. ھۆ-
كۈمرانلار دائىم ئادەم ئەۋەتىپ «تېرىلغۇ يەرلەرنى
ۋە باج سېلىقلارنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىي نوپۇسنى
ئېنىقلاپ تۇراتتى» ( 14 ) شۇڭلاشقا ۋەسىقىلەردە
ئاشلىق قەرز ئېلىشقا دائىر مەزمۇنلار دائىم ئۇچ-
راپ تۇرىدۇ. بۇندىن سىرت دېھقانلار يەنە پادى-
شاھنى كېرەكلىك بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەيتتى. بۇ
توغرىلىق دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان PT. 1098 - نو-
مۇرلۇق ھۆججەتتە: «كۆز پەسلىدە ئولپان بېگى
ئۇدۇنلۇق يولەي دېگەن كىشىنى ئولپان يىغىشقا
ئەۋەتمەكچى بولغان. لېكىن يولەي ئۆيىدە بولمى-
غاچقا شى دۇڭسا قەبىلىسىدىكى مۇسىزنى ئورنى-
غا ياللاپ ئىشلەتكەن، ئولپاننىڭ ھەممىسى يىغى-
لىپ بولمىغاچقا خاننىڭ ئولپان يىغىش پەرمانى
تولۇق ئىجرا قىلىنماي جازاغا ئۇچرىغان»( 15 )
دېيىلگەن.

ھېسابات دەپتىرى تۈزۈمىگە كەلسەك، بۇ تۈ-
زۈم ئۇدۇندا خېلى بۇرۇندىن باشلاپلا يولغا قو-
يۇلغان. بۇ توغرىدا ياپونىيىلىك تارىخشۇناس
چى تىيەنئېن تۈزگەن «جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان-
دىكى ھېساۋات دەپتىرى تەتقىقاتى» ناملىق كىتاب-
تا «تاڭ سۇلالىسى كەيۈەن 9 - يىلى (مىلادى
721 - يىلى) ئۇدۇندىكى مەلۇم بىر بۇتخانىنىڭ
ھېساۋات دەپتىرى بار» ( 16 ) لىقى تىلغا ئېلىن-
دۇ. تىبەتلەر ئۇدۇننى بېسىۋالغاندىن كېيىن بۇ
خىل تۈزۈمنى داۋاملىق يولغا قويدى. بۇ خىل ھې-
ساۋات دەپتىرى نوپۇس ھېساۋات دەپتىرى، قەرز
پۇل ھېساۋات دەپتىرى ۋە كىرىم - چىقىم ھېساۋات

دەپتىرى قاتارلىقلارغا بۆلۈنەتتى. 335 ـ، 62 ـ، 76 ـ، 92 ـ نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكلەر بىزنىڭ پىكرىمىزنى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ. (17)

ئۈچىنچى، ھەربى جەھەتتە. تىبەتلەر ئۇدۇندا ئەسكەر ئېلىش، چارلاش ۋە ئۆتەڭ تۈزۈملىرىنى يولغا قويغان.

ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى. تىبەتلەرنىڭ ھەربى قوشۇنى كۆپىنچە ھاللاردا قەبىلە تەشكىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قەبىلىمۇ دائىم مەلۇم ئۇرۇق ياكى جەمەتنى يادرو قىلاتتى. شۇڭلاشقا «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» نىڭ 250 ـ جىلدىدا «تىبەتلەر ھەر قېتىم ئەسكەر چىقارغاندا ھەر بىر قولدار نۇرغۇنلىغان قوللارنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭاتتى. ئادەتتە، ھەر بىر ئائىلىدە ئوندىن ئارتۇق ئادەم بولغاچقا تىبەتلەرنىڭ ئەسكىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى» (18) دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا تىبەتلەردە ھەربى ئىشلار بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، خەلق ئاممىسى ئۇرۇش پارتلىسا ئۇرۇش قىلاتتى، تىنچ ۋاقىتلاردا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەمما تىبەتلەرنىڭ ئۇدۇننى ئىگىلىشىگە ئەگىشىپ، قەبىلە تەشكىلىنىڭ ھەربى خاراكتېرى ئاجىزلاشقا باشلىدى. تىبەت ھۆكۈمرانلىرى جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئۇدۇندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى قوللىنىپ، مۇنتىزىم قوشۇن تەشكىللەپ مازار تاغ، ئالتە شەھەر (چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالى) ۋە ئەندىر دەريا بويلىرى قاتارلىق مۇھىم ستراتېگىيىلىك جايلاردا تۇرغۇزدى. تىبەتلەرنىڭ ئۇدۇنلۇقلاردىن ئەسكەر ئالغان ياكى ئالمىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرە يوق. ئەمما بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەندەك، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئىجتىمائى ئورنى تىبەتلەردىن كۆپ پەرقلەنمىگەچكە، تىبەتلەرنىڭ ھەربى قوشۇنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئۇدۇنلۇقلاردىنمۇ ئەسكەر ئېلىشى ئېھتىمالدىن ئانچە يىراق ئەمەس.

چارلاش تۈزۈمى. تىبەت ھۆكۈمرانلىرى جەمئىيەت ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇدۇندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن چارلاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئادەتتە چارلىغۇچىلارنىڭ مىللەت تەركىبى ئايرىلمايتتى. مەسىلەن، 1049 ـ نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكتە «لىن رىننىڭ قورۇقىدا ئىككى تىبەت چارلىغۇچى ۋە ئىككى ئۇدۇنلۇق چارلىغۇچى بار» دېيىلگەن. 209 ـ نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكتە: «چىلى تۇبا دۆڭ چۈمۈدىكى ئىككى نەپەر تىبەت چارلىغۇچى ئىككى نەپەر ئۇدۇنلۇق چارلىغۇچىغا ئۆز ئىشىنى ئىقرار قىلدى» (19) دېيىلگەن. بۇ ۋەزىپىنى (چارلىغۇچى يايلىق ۋەزىپىسىنى) ھەر بىر ئائىلىلەرگىچىلىك ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى شەرت ئىدى. چارلىغۇچىلارنىڭ بەلگىلەنگەن دائىرىسى بار بولۇپ، ئۇلار ئەشۇ دائىرە ئىچىدە چارلاش ئېلىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى نارازىلىق كەيپىياتلىرىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يۇقىرىغا دوكلات قىلىش، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلىش ئىدى. ئادەتتە ھەر بىر چارلاش دائىرىسىدىكى تۈتۈن سانى، چارلايدىغان ئۇرۇننىڭ باشقا رايونلار بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراق يېقىنلىقى قاتارلىقلارغا ئاساسەن چارلىغۇچى يايلارنىڭ سانى بەلگىلىنەتتى. بۇ ھەقتە 198 ـ نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكتە: «چىبام قەبىلىسىدىكى ئىرگۈي جاڭ ساڭ (ئىككى رايوننىڭ) ئوتتۇرىسىغا جايلاشقاچقا، چارلىغۇچىلارنىڭ سانىغا كىرگۈزۈلمىگەن» (20) دېيىلگەن بولۇپ، بىزنىڭ پىكرىمىزنى تەستىقلايدۇ. ئەگەر ئۇرۇش پارتلىسا ياكى باشقا ئالاھىدە ئەھۋاللار يۈز بەرسە چارلىغۇچىلارنىڭ ياكى چارلاش نۇقتىلىرىنىڭ سانى كۆپەيتىلەتتى. بۇ توغرىدا 147 ـ

نومۇرلۇق تارشا پۈتەكتە : « چارلىغۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش قارار قىلىنغان بولسا مۇشۇ جايدىن ئەۋەتىلگىنى تۈزۈك. ئىلگىرى ماجاخۇ ئېغىزدا تۇرىۋاتقان چارلىغۇچىلار ساق مۇخاغا كۆچسۇن» ( 21 ) دېگەن بايانلار بار.

چارلىغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، ئاشلىق ۋە كىيىم - كېچەك يېتىشمەسلىك ئەھۋاللىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، چارلىغۇچى يايىلار پۈرسەت تاپسىلا قېچىپ كېتەتتى. بۇ توغرىدا 142 - نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكتە : « ئۈتەك ئەمەلدارى شى نوشى داشيوق زەربىغا ئۇدۇنلۇق بىر چارلىغۇچىنىڭ 11 - كۈنى كېچىدە قېچىپ كەتكەنلىكىنى، ئەمدى بۇ يەردە چارلايدىغان ئادەم قالمىغانلىقىنى دوكلات قىلدى» ( 22 ) دېيىلگەن.

ئۈتەك تۈزۈمى. ئۈتەك تىبەتلەرنىڭ ئۇدۇندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى جان تومۇرى بولۇپ، ئۇ ھەر خىل ئاخباراتلارنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈشنى مەخسەت قىلاتتى. ئۇدۇننىڭ يېرى كەڭ، بوستانلىقلار بىلەن بوستانلىقلارنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، ئۈتەك تۈزۈمى ئۇدۇندا خېلى بۇرۇندىن باشلاپلا يولغا قويۇلغان ئىدى. تىبەتلەر ئۇدۇننى بېسىۋالغاندىن كېيىن بۇ خىل تۈزۈمنى داۋاملىق يولغا قويدى. ئادەتتە ھەر بىر ئۈتەكتە تۆتتىن يايى بولاتتى. بۇ توغرىدا 144 - نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكتە : « شام تېغىدىكى بىر چارلىغۇچى پونكىتتا تۆت چارلىغۇچى بار. ئەجدىھا يىلى 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى چارلىغۇچى ئەۋەتىش توغرىسىدىكى تارشا پۈتۈك» ( 23 ) دېگەن خاتىرە قالدۇرۇلغان. بۇ تۆت يايىنىڭ ئىككىسى ئۇدۇنلۇق، ئىككىسى تىبەتلىك بولاتتى ( 149 - ۋە 209 - نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكلەرنىڭ پىكرىمىزگە دەلىل بولالايدۇ ). ئۈتەكتىكى يايىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۈتەكتىن ئۆتكەن ئەلچىلەرنى يېمەك - ئىچمەك، ياتاق ۋە ئات بىلەن تەمىنلەش، خەت - چەكلەرگە ( يول خەتلىرىگە ) تامغا بېسىش ھەم دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلىش ئىدى.

### 3 . تىبەتلەرنىڭ قوغلاپ چىقىرىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى

9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تىبەت جەمئىيىتى قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ گۈللەنگەن باسقۇچىدىن خارابلىشىش باسقۇچىغا قاراپ يۈزلەندى. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بار ئىدى. بىرىنچى، تىبەت قۇلدارلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تاڭ ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇشۇپ دۆلەت بايلىقىنى خوراتتى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتتى. ئىككىنچى، تىبەت خانلىقى تاڭ ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈستىدىكى باج - سېلىقنى بارغانسېرى ئېغىرلاشتۇردى. نەتىجىدە باج - سېلىقنىڭ بېسىمى بىلەن خەلق ئاممىسى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ، ئاستا - ئاستا قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. تىبەتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئۇدۇن ۋە باشقا جايلاردا چارلىغۇچىلارنىڭ ئادەم يوق جايلارغا قېچىپ كېتىشى ۋە ھەربىلەر ئۈچۈن توشۇلىۋاتقان ئاشلىقلارنى بۇلاشتەك ئەھۋاللار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىندى. ئۈچىنچى، چوڭ قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر ۋە دىندارلار ( راھىپلار ) ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتى. تۆتىنچى، چېگرا جايلاردىكى سانغۇنلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى زور بولغاچقا، خاننىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى بۇ جايلاردا تولۇق ئىجرا قىلىنمايتتى. خان بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تۇغۇلدى. بەشىنچى، پادىشاھ چى سۇڭدېزەن ( 755 - 779 - يىللار ) دەۋرىدىن باشلاپ بىر قانچە ئەۋلاد زانپۇلار راھىپلارنى

يۆلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ كۈچ ئەسىرنى چەكلەش ئۇسۇلىنى قوللانغاچقا، بۇ ئۇسۇل بىر قىسىم ئاقساقاللارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. بۇ خىل زىددىيەتلەر ئاخىرى تىبەت خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇرۇش پارتلاشقا سەۋەب بولدى. مىلادى 842 - يىلى زانپۇ دامو ئۆلدى. ئۇنىڭ نوغلى بولمىغاچقا خانلىق ئورۇنىنى تالىشىپ كەسكىن ئۇرۇش پارتلىدى. تىبەت خانلىقى بۇ ئۇرۇشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇدۇنغا قاراشقا چۇلىسى تەگمىدى. ئۇدۇن خەلقى بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، مىلادى 850 يىلى تىبەتلەرنىڭ ئۇدۇندىكى هۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. شۇندىن كېيىن ئۇدۇن خانلىقى مۇستەقىل تەرەققىي قىلىپ، مىلادى 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىلار خانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

تىبەتلەرنىڭ ئۇدۇندىكى هۆكۈمرانلىقى بىر ئەسىرگە يېقىن داۋاملىشىپ، ئاخىرقى هېسابتا ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن تارىخقا چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئالدى بىلەن، تىبەتلەر ئۇدۇننى بېسىۋالغاندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك هاكىمىيەتلىرىنى دوراپ ئۇدۇنغا ئاھالە كۆچۈرگەن ئىدى. (24) تىبەتلەرنىڭ ئۇدۇندىكى هۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ بىر قىسىم تىبەتلەر ئۇدۇندا داۋاملىق ئولتۇراقلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋېيسارا جەمەتىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ خېلى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلدى. مەسىلەن، ئۇدۇن پادىشاھى ۋېيسارا سامبھارا مىلادى 925 - يىلى شاجۇغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى Rgyal — sam ئىسىملىك تىبەت ئىدى. (25) ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ تىبەت ئاھالىلىرى ئۇدۇنلۇقلار ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. ئىككىنچى، تىبەتلەر ئۇدۇننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ قوللىنىپ كېلىۋاتقىنىغا بىر نەچچە ئەسىر بولغان يېزىقنىڭ بولۇشىغا قارىماي، تىبەت يېزىقىنى هۆكۈمەت يېزىقى قىلىپ بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن «هۆكۈمەت هۆججەتلىرى، ئارخىپلار، شەخسىي هۆججەتلەر ۋە بىر قىسىم بۇددا نوملىرى تىبەت يېزىقىدا يېزىلدى (26). تىبەتلەر ئۇدۇندىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىنمۇ بۇ خىل ئەنئەنە خېلى بىر مەزگىلگىچە داۋاملاشتى. مەسىلەن، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مىلادى 925 - يىلى ئۇدۇن ئەلچىلىرى شاجوغا بارغاندا ئېلىپ بارغان پادىشا ۋېسارا سامبھارانىڭ خېتىمۇ تىبەت يېزىقىدا يېزىلغان ئىدى. (27) ئۈچىنچى، ئۇدۇن جەمئىيىتى تىبەتلەر بېسىپ كىرىشتىن خېلىلا بۇرۇن فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈپ بولغان بولۇپ، بۇ دەۋردە تىبەتلەر تېخى قۇلدارلىق تۈزۈم شارائىتىدا ئىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ تىبەتلەر ئۇدۇندا تۇرىۋاتقان زور قوشۇنىنىڭ تەمىنات مەسىلىسىنى هەل قىلىش ئۈچۈن «بوز يەر ئېچىپ» (28) دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەهمىيەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇننىڭ فېئوداللىق ئىگىلىكى مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. تۆتىنچى، تىبەتلەر ئۇدۇننى بېسىۋالغاندىن كېيىن يىپەك يولىدىكى سودا زەربىگە ئۇچراپ، ئۇدۇن ئۇچۇن زىيان سالغان بولسىمۇ، ئەمما تىبەت بىلەن ئۇدۇن ئوتتۇرىسىدىكى سودا مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. يەنى بۇ دەۋردە ئۇدۇننىڭ قاش تېشى، يىپەك بۇيۇملىرى ۋە ئۈزۈم ھارىقى تىبەتتە بازار تاپتى. (29) بۇ ئۇدۇننىڭ ئىگىلىكى ئۈچۈن پايدىلىق تەسىر كۆرسەتتى.

تىبەتلەرنىڭ ئۇدۇندىكى هۆكۈمرانلىقى ئۇدۇن ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەندىن باشقا، تىبەت جەمئىيىتى ئۈچۈنمۇ مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. يەنى تىبەتلەر ئۇدۇن ۋە باشقا جايلاردىكى دېھقانچىلىق قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرمۇش ئادەتلىرىنى مەلۇم جەھەتتىن ئۆزگەرتىپلا قالماستىن بەلكى دېھقانچىلىق قىلىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. شۇندىن كېيىن دېھقانچىلىق تىبەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولدى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاھالىلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراق نۇقتىلىرى ۋە مەلۇم كۆلەمگە ئىگە شەھەر - قورغانلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. (30)

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قىسقىسى ، تىبەتلەرنىڭ ئۇدۇندىكى بىر ئەسىرگە يېقىن داۋام قىلغان ھۆكۈمرانلىقى تىبەت قۇلدارلىق جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئۇدۇننىڭ فېئوداللىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ مەلۇم تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى .

ئىزاھاتلار :

① «يېڭى تاڭنامە . تىبەتلەر تەزكىرىسى» ئەنئۇەر بايتۇر ، خەيرىنىسا سىدىقلار يازغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل .

② رىھادسون : «تىبەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئەنئۇەر بايتۇر ، خەيرىنىسا سىدىقلار يازغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل .

③ «كونا تاڭنامە» 40 - يىلد . ماگورۇڭ «تاڭ دەۋرىدىكى تىبەتلەرنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى» دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى ، 1985 - يىللىق 5 - سان .

④ ، (11) ، (14) ، (15) لى جىنېڭ «بۇددا دۆلىتى ئۇدۇن» .

⑤ S. Konow. A Saka Name of Mazar — tagh. A Volune of Eastern and Indian studies presented to professor. F. w. Ihomas onhis 72nd - Birthday. Bombay 1939. 146 — 149; KT. ii, - 72; SDTV. 90 — 91.

رۇڭ شىنجاڭ «9 - 10 - ئەسىرلەردىكى ئۇدۇننىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا ئىزدىنىش» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەرى» ژۇرنىلى . 1987 - يىللىق 4 - سان .

⑥KT. II. 72; SD TV. 79.

رۇڭ شىنجاڭ «9 - 10 - ئەسىرلەردىكى ئۇدۇننىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا ئىزدىنىش» دا كەلۈرۈلگەن نەقىل «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەرى» ژۇرنىلى . 1987 - يىللىق 4 - سان .

⑦ F. w. Thomas. TibeTan LiTerary Texst and Documents concerning chinese TurKestan. II. London. 1951. 184 — 190.

رۇڭ شىنجاڭ «9 - 10 - ئەسىرلەردىكى ئۇدۇننىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا ئىزدىنىش» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەرى» ژۇرنىلى . 1987 - يىللىق 4 - سان .

(8) ، (9) ، (10) ، (25) ، (27) ، (28) ، (29) يىن چىڭ «قەدىمكى ئۇدۇن بىلەن تىبەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە» «شىنجاڭ مەدەنىيەت - يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1993 - يىللىق 4 - سان..

(12) ، (13) ، (17) ، (18) ، (20) ، (21) ، (22) ، (23) جاڭ يۈمن «تىبەتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتا يولغا قويغان تۈزۈملىرى» «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 - يىللىق 4 - سان . بۇ نەقىللەردىكى تارشا پۈتۈكلەرنىڭ رەت نومۇرى ۋاڭ شياۋ ، چېن شيەنلەر تۈزگەن» «تىبەت يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەر» ناملىق كىتابىدىكى رەت نومۇرنى كۆرسىتىدۇ .

(16) يىن چىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى ئۇدۇننىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى توغرىسىدا تەتقىقات» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل . «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەرى» ژۇرنىلى 1990 - يىللىق 5 - سان .

(24) قېزىۋېلىنغان يېرى نامەلۇم بولغان بىر پارچە تارشا پۈتۈكتە «يۈجى قەبىلە ئاقساقىلى چىلى ماجىغا دوكلات قىلىپ : ئەگەر بۇ يەردە تۇرۇشلۇق تىبەتلەر بىلەن ئۇشۇنلۇقلار ئوتتۇرىسىدا يايلاق تالىشىپ جىدەل ماجرا كېلىپ چىقسا ، ئۇدۇنلۇقلار ئۈچۈن باشقا يايلاق تېپىپ بېرىش كېرەك . باشقا مۇۋاپىق يايلاق تېپىپ بەرمىسە بولمايدۇ ، دېدى» دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان بولۇپ ، بۇ خاتىرە بىزنىڭ پىكرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ .

(26) ، (30) ماگورۇڭ «تاڭ دەۋرىدىكى تىبەتلەرنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى ژۇرنىلى 1985 - يىللىق 5 - سان .

# پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ئائىت بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا

ئابدىغنى قۇربان

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققى قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى تەلىماتىنى ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئەھۋالىغا تەدبىقلاپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، «پەن ـ تېخنىكا ـ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ......... پەن ـ تېخنىكا ـ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى» ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ كۆرسەتتى ھەمدە پەن ـ تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلدى.

نۆۋەتتە، پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىپ، دۇنيا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ھەم ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئىچكى ـ تاشقى مۇناسىۋەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ كۈچىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم سانائەت ئىقتىدارى بولسا، ئۇرۇشتىن كېيىن پەن ـ تېخنىكا ئىقتىدارى ئاساسىي ئۆلچەم بولۇپ قالدى. ھەر قايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بارغانسېرى پەن ـ تېخنىكا ۋە تالانتلىقلار رىقابىتى بولۇپ ئىپادىلەنمەكتە. دۇنيا مىقياسىدا پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمىغانلىقتىن، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىغا ئىگە تەرەققى تاپقان دۆلەتلەر پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققى قىلىۋاتقان ئەللەرگە زوراۋانلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى تالان ـ تاراج قىلىشنىڭ قورالى قىلىۋالدى. پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە سىڭىپ كىرىش، بىسىم ئىشلىتىش ۋە ئۇلارنى پارچىلاشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى بولۇپ قالدى.

ھازىر جۇڭگو دۇنيادا بىردىن ـ بىر سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇپ قەد كۆتىرىپ تۇرماقتا، سوتسىيالىزم كاپىتالىزمنىڭ گوركارى بولغانلىقتىن كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەر پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگوغا سىڭىپ كىرىش، پارچىلاش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئۇرۇنماقتا. مەملىكەت ئىچىدە، ئاز ساندىكى كىشىلەر تەرەققى تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى پەرقىنى سېلىشتۇرۇپ، «سوتسىيالىزم كاپىتالىزمغا يەتمەيدۇ» دەيدىغان ئىدىيىنى تارقىتىش ئارقىلىق كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلماقتا.

دۆلىتىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر سالساق، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى، شىمالىي مىلىتارىستلار ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە بىكىنمىچىلىك، مۇستەبىتلىك، جاھانگىرلارنىڭ كونتروللىقى ئىچكى ئۇرۇش ۋە نامراتلىق تۈپەيلىدىن پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئومۇمىي تەرەققىيات ستراتېگ-

uyghurkitap.com

يىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىپ بەلگىلەپ، بىر قاتار سىياسەتلەرنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، تەشكىللىدى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەيدانغا كەلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا پەن - تېخنىكىغا تايىنىش، پەن - تېخنىكىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلەندۈرۈش» تىن ئىبارەت باش فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا يۆنىلىش كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىلەن ماسلىشىشقا يۈزلەنگەن ھالدا تەرەققىي قىلىپ، خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بەزى ساھەلەردە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر بولدى. يەنە بەزى ساھەلەردە دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتى ۋە يېتىشۋالدى. لېكىن تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە بۇرۇنقى ئاساسىنىڭ ئاجىز، تەجرىبىنىڭ كامچىل بولغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تەرەققىي تاپقان بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭكىدىن خېلى ئارقىدا، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىق دۆلەتنىڭ ئۇنۇۋېرسال كۈچىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئاجىز ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. دۆلەتنىڭ ئۇنۇۋېرسال كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن 1840 - يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن باشلاپ 100 نەچچە يىل جاھانگىرلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغان خورلۇق تارىخىمىزنى ئۇنتۇتماسلىقىمىز كېرەك.

قىسقىسى، مەيلى خەلقئارا رىقابەت ياكى دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈپ، ئۇنۇۋېرسال كۈچنى ئاشۇرۇش ۋە ياكى تارىخىي ئاچچىق ساۋاقلار ھەم ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بولمىسۇن، ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، نۆۋەتتە، ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر.

بىرىنچى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدىن ئايرىلىپ قېلىش مەسىلىسى. ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى گەرچە زامانىۋى سانائەت ۋە كەسپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۆز ئارا ماسلاشمايدۇ. بۇ ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدا، ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نوقۇل ۋە بىر تەرەپلىملىك ھادىسە. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ماسلاشتۇرۇشىمىز، پەن - تېخنىكىنى خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ پىشانىگى قىلىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، پەن - تېخنىكا تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشتا سەل قاراش مەسىلىسى. ئېلىمىزدە ئۇزاق مۇددەت پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغانلىقى سەۋەبىدىن پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى، پەن - تەتقىقات پائالىيەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك پائالىيەتلىرى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ قالغان،

پەن-تېخنىكا پائالىيەتلىرىدە تەتقىقاتقا ئېتىبار بېرىلىپ، ئېچىش، پايدىلىنىشقا، بولۇپمۇ پەن-تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشقا سەل قارالدى. بۇنىڭ بىلەن ھەم پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى جانلىق بولمىدى. ھەم پەن-تېخنىكا ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش يېتەرلىك بولمىدى. پەن-تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشكەندىلا ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يولىنى تاپالايدۇ ھەم ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلەيدۇ. شۇڭا بىز پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنى، پەن - تەتقىقات پائالىيىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىك پائالىيەتلىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پەن تەتقىقاتقا ئېتىبار بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېچىش، پايدىلىنىشقا، بولۇپمۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، پەن - تېخنىكىنى باشقۇرۇش سىياسەتلىرى ۋە ۋاسىتىلىرى مەسىلىسى. ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكىنى باشقۇرۇش سىياسەتلىرى ۋە ۋاسىتىلىرى ئاددىي ھەم قاتمال بولۇپ، يەنىلا داشقازاننىڭ تامىقىنى يېيىش ھادىسىلىرى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى پەن - تەتقىقات پائالىيەتلىرى پىلاندىكى تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پەن - تېخنىكا سىياسەتلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىياسەتلەر تېخى مۇكەممەللەشمىدى. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇكەممەل سىستېما تېخى شەكىللەنمىدى. بۇ پەن تېخنىكا ئىشلىرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. …سىياسەتلەرنى

ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە، پەن - تېخنىكىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق يېڭى سىياسەتلەرنى ۋە ۋاسىتىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان سىياسەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم.

تۆتىنچى، پەن - تېخنىكا مەبلىغى مەسىلىسى. بۇ، ئاساسەن، پەن-تېخنىكا مەبلىغىنىڭ پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىق مەسىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پەن-تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىغا ئەگىشىپ، 1985 - يىلدىن باشلاپ ئېلىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا سېلىنمىسىدا ئاساسلىقى مالىيىدىن پۇل بۆلۈپ بېرىشكە تايىنىشتەك بىر خىل يول ۋە بىردىن-بىر شەكىل تەدرىجى ئۆزگەرتىلىپ، يېڭى مەنبە ۋە يېڭى شەكىللەر مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن پەن-تېخنىكا مەبلىغىمۇ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، 1988 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە دۆلەت مالىيىدىن بۆلۈپ بەرگەن، كارخانىلار سالغان ۋە بانكىلار قەرز بەرگەن پەن - تېخنىكا مەبلىغى بۇرۇنقى 28 مىليارد 205 يۈەندىن 47 مىليارد 427 يۈەنگە كۆپەيدى. لېكىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پەن-تېخنىكا سېلىنمىسىغا بولغان ئېھتىياجمۇ ئۈزلۈكسىز ئاشقانلىقتىن، پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ۋە شەكلى جەھەتتە يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدۇ، پەن-تېخنىكا سېلىنمىسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى يەنىلا تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەن-تېخنىكا سېلىنمىسىنى يۇمشاق سېلىنما، ئاز-كۆپ بولسىمۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ دېگەنگە ئوخشاش مۇجمەل قاراشلار تۈپەيلىدىن پەن-

www.uyghurkitap.com



تېخنىكا سىلىنمىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش سىلىنمى-
سى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن ، بۇ هال پەن ـ
تېخنىكىنىڭ تېز تەرەققى قىلىش ۋە پەن ـ تېخنىكا
نەتىجىلىرىنىڭ ۋاقتىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئاي-
لىنىشىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. تەتقىقاتلارغا ئا-
ساسلانغاندا ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىق-
تىسادىي تەرەققىياتى بىلەن پەن ـ تېخنىكا سىلىنمى-
سى تەڭ ئېشىش مۇناسىۋەتىدە بولۇپ كەلگەن ،
يەنە كېلىپ ، پەن ـ تېخنىكاسىلىنمىسمۇ ئىشلەپچىق-
رىش خاراكتېرىدىكى سىلىنما بولۇپ ، پەن ـ تېخ-
نىكا پائالىيەتلىرىگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتى-
لىدۇ. شۇڭا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگە-
شىپ ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنى ئاشۇرۇش بىلەن
بىر ۋاقىتتا ، پەن ـ تېخنىكا مەبلىغىنىمۇ شۇنىڭغا مۇ-
ناسىپ هالدا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. پەن ـ تېخنىكا
ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا سىلىنما جەھەتتىن كا-
پالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە
سىرتىدىكى پەن ـ تېخنىكىغا مەبلەغ توپلاش تەج-
رىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ مەبلەغ
ئېھتىياج ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىپ ، يېڭى
مەبلەغ مەنبەلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئارقىلىق
پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا مەبلەغ سې-
لىش سىستېمىسىنى قۇرۇپ ، پەن ـ تېخنىكا مەبلىغى-
نى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرىشىمىز لازىم.

تۆتىنچى ، بىكىنمىچىلىك ۋە بېقىندىلىق مەسى-
لىسى. بۇ تارىخى ۋە رېئال مەسىلە . 1840 ـ يىلى-
دىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسى
هۆكۈمىتىنىڭ «بىكىنمىچىلىك» دىپلوماتىيە سىياسى-
تىنى يولغا قويۇشى جۇڭگونى دۇنيانىڭ تەرەققىيا-
تىدىن ئارقىدا قالدۇرۇپ ، جاهانگىرلار تەرىپىدىن
ئۇزاق مۇددەت بوزەك قىلىشنىڭ ئاساسى سەۋەبلى-
رىدىن بىرى بولغان ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ، ئېلىمىز-
نىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرى گەرچە دەسلەپكى قە-
دەمدە بىر قەدەر تەرەققىي قىلىپ ، خېلى زور نەتى-
جىلەر قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن دۆلىتىمىز
ئۇزاق مۇددەت جاهانگىرلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا
ئۇچرىغانلىقتىن ، چەت ئەللەر بىلەن تار دائىرىدە
ھەمكارلىشىشتىن سىرت بىكىنمىچىلىك خاراكتېرىدى-
كى دىپلوماتىيە سىياستى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ
بىلەن ئېلىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرى بىكىنمى-
چىلىكنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچراپ ، دۇنيانىڭ پەن ـ
تېخنىكا يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەرسىز قىلىپ ، پەن ـ
تېخنىكا ئىشلىرىمىزنىڭ تەرققىيات سۈرئىتى ئاستا
بولۇپ قالدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3
ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش-
نى يولغا قويۇش ئارقىلىق پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرى-
نىڭ تەرەققىياتىغا كەڭ ۋە داغدام يول ئېچىلدى.
بۇنىڭ بىلەن چەت ئەللەرنىڭ نۇرغۇن ئىلغار ، يې-
ڭى ، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرى بارغانسېرى
كۆپلەپ كىرگۈزۈلۈپ ، ئۇلار بىلەن كەڭ دائىرىدە
ھەمكارلىشىش يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا ، يەنە نۇرغۇن ناچار نەرسىلەر ۋە چىرىك
ئىدىيىۋى ئىقىملارمۇ سىڭىپ كىردى. شۇڭا بىز
ئۇلار بىلەن ئېلىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ، ئىقتىسادىي ئۇنۇمىنى ئا-
شۇرۇشقا پايدىلىق ئىلغار ، يېڭى پەن ـ تېخنىكا
تۈرلىرىنى قوبۇل قىلىش ، كېڭەيتىش ئاساسىدىكى
ھەمكارلىقنى ئۇزاق مۇددەت ، ئىزچىل داۋاملاشتۇ-
رۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا چەت ئەللەرنىڭ ناچار نەر-
سىلىرى ۋە چىرىك ئىدىيىۋى ئىقىملىرىغا قارشى تۇ-
رۇشىمىز لازىم.

شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىش ۋۇرۇركى ، چەت
ئەللەر بىلەن ھەمكارلاشقان پەن ـ تېخنىكا تۈرلى-
رىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېز ۋە پىششىق ئۆزلەش-
تۈرۈۋېلىپ ، ئۇ تۈرلەرنى ھەم ئۇلار بىلەن ھەم-
كارلاشقان ۋاقىتتا قوللىنالايدىغان ، ھەم مۇستەقىل

قوللىنالايدىغان بولۇشىمىز؛ ھەر قانداق پەن -
تېخنىكا تۈرلىرىنى چەت ئەل مۇتەخەسسىلىرىنىڭ
ھەمكارلىقى ۋە ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالغاندا
تەتقىق قىلالمايدىغان ھەم قوللىنالمايدىغان بېقىن-
دىلىق ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز
لازىم. شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، 1860 -
يىللاردىن باشلاپ، بىر تۈركۈم ئەجنەبىچىلەر چىڭ
سۇلالىسىنىڭ ئىگىلىشىپ قالغان ھۆكۈمرانلىقىنى
ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، غەرب كاپىتالىزمىنىڭ سا-
نائەت ئۇسكۇنە ۋە تېخنىكىلىرىنى كىرگۈزۈپ، كا-
پىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشقا تەقلىد قىلىپ جۇڭگو-
دا كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇپ،
ئەجنەبىچىلەر ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان ئىدى. بۇ
ھەرىكەت گەرچە جۇڭگودا يېقىنقى زامان سانائىتى-
نى مەيدانغا كەلتۈرۈش رولىنى ئوينىغان بولسى-
مۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك بېقىندىلىق خا-
راكتېرىنى ئالغاچقا، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى چەت
ئەللىكلەر تەرىپىدىن نابۇت قىلىۋېتىلدى. ئەجەپلى-
نەرلىكى شۇكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى زو-
زوڭتاڭ ئەينى ۋاقىتتا فرانسىيىلىكلەر بىلەن ھەمكار-
لىشىپ قۇرغان فۇجيەن كىمسازلىق زاۋۇتى 1884 -
يىلىدىكى جۇڭگو - فرانسىيە ئۇرۇشى داۋامىدا
فرانسىيىلىكلەر تەرىپىدىن كومپەيكۇم قىلىۋېتىلدى.
يەنە شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يېڭى
جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي
قاتارلىق يېڭى جۇڭگو رەھبەرلىرى 1950 - يىلى 2
- ئايدا موسكۋادا ستالىن بىلەن «جۇڭگو -
سوۋېت دوستلۇق ھەمكارلىق كېلىشىمى» نى ئىم-
زالاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن
ئىدى. 1959 - يىلى جۇڭگو سوۋېت مۇناسىۋىتى
يىرىكلەشكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ستالىن
رىياسەتچىلىكىدە ئىمزالانغان كېلىشىمگە ۋاپاسىز-
لىق قىلىپ، جۇڭگوغا ياردەمگە كىرگۈزگەن مۇتە-
خەسسىلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىپ، قەرزلەرنى قايتۇ-
رۇشقا قىستاش بىلەن نۇرغۇن پەن - تېخنىكا تەت-
قىقات تۈرلىرى ۋە قۇرۇلۇشلار يېرىم يولدا توختاپ
قېلىپ، ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى. بۇ تارىخىي
ئاچچىق ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم.

بەشىنچى، پەن - تېخنىكا قوشۇنىنىڭ ئىسراپ-
چىلىق مەسىلىسى. مەملىكىتىمىزدە ئالىي مەكتەپلەر-
نى پۈتتۈرگەنلەر، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ نىسبىتى بى-
لەن سېلىشتۇرغاندا، ئىگىلىگەن سانى تەرەققىي
تاپقان دۆلەتلەرنىڭكىدىن خېلىلا تۆۋەن تۇرىدۇ.
پەن - تېخنىكا خادىملىرىمىز مەيلى سان ياكى سۈ-
پەت جەھەتتىن بولمىسۇن، تېخى زامانىۋىلاشتۇ-
رۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. لې-
كىن جەمئىيەتتە بۇ ئېھتىياجنىڭ ئەكسىچە، پەن -
تېخنىكا خادىملىرى مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇل-
مىغان، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى تولۇق جارى قىلدۇ-
رۇلمىغان، قەھرىمانغا ماھارەت كۆرسىتىش ئۈچۈن
سورۇن يوق بولۇشتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەملى-
كەت بويىچە 10 مىليوندەك پەن - تېخنىكا خادىمى-
نىڭ 60 - 70 % ى ئەمەلىيەتتە يېرىم ئىشلەش يا-
كى خىزمەت يېتىشمەسلىك ھالىتىدە تۇرماقتا. ئالىي
ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرۈپ، خىزمەت كۈ-
تۈپ تۇرغان ياشلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.
ھەتتا پىلان ئىچىدە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن-
لەرمۇ خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇش، ياكى ئۆز كەسپىگە
ئورۇنلاشتۇرۇلماسلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. بۇلار
ناھايىتى چوڭ ئىسراپچىلىق بۇ، ئىگىلىك تارماقلى-
رىنىڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ رولىغا بولغان
تونۇشىنىڭ تېخى يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، پەن -
تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا قوللى-
نىشقا ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى،
ھەمدە پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ مەھ-
سۇلاتقا ئايلاندۇرۇش نىسبىتىنىڭ تېخى تۆۋەن ئى-
كەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بىلەن
پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسىنى يۇرۇشلەشتۈرۈپ
ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق بۇ چوڭ زىددىيەتنى ۋاقتى-
دا مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر.

ئالتىنچى، پەن - تېخنىكا قوشۇنىنىڭ تەمى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



نات ۋە تۇرمۇش شارائىتى مەسىلىسى. پەن - تېخنىكا پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا پەن - تېخنىكا خادىملىرى ھەم پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچىقى، ھەم پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى تارقىتىش ۋە پەن - تېخنىكا تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئەلچىسى. بىر قولىدا ئوقۇتۇش، بىر قولىدا پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار ئېلىمىز پەن - تېخنىكا قوشۇنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىمىز پەن - تېخنىكا قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ھەم تۇرمۇش شارائىتى كارخانا ۋە پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭكىدىن خېلى تۆۋەن تۇرىدۇ. بۇ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ سۈپىتى بىلەن ئىش ھەققى تەتۈر تاناسىپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىقتىساسلىقلار رىقابىتى بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان ھازىرقى تارىخى دەۋردە، ئېلىمىز پەن - تېخنىكا قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تەمىنات ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا تولۇق شەرت - شارائىت يارىتىش ئىنتايىن زۆرۈر.

ئېلىمىز ئىسلاھاتنىڭ قاينام - تاشقىنلىق دولقۇنى ئىچىدە، گوۋۇيۇەننىڭ «پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېزلىتىش توغرىسىدىكى قارارى» ۋە مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا يىغىنىنىڭ تۈرتكىسىدە، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى يۇقىرىقىغا ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرى پارلاق مەنزىلگە قەدەم قويغۇسى.

## ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق ...

«ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى» ئاتۇش شەھرىنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىكى مەشھەد كەنتىگە جايلاشقان. شەھەر مەركىزىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەپنە قىلىنغان جاي. بۇنىڭغا ھازىرغا قەدەر 1000 يىلدەك ۋاقىت بولدى. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولغاچقا، ئۇ شىنجاڭدا ئىسلام ئېتىقادچىلىرىنىڭ پېشىۋاسىدۇر. شۇڭا، ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى «جۇڭگو مەشھۇر ئاسار - ئەتىقىلەر لۇغىتى» دېگەن كىتابقا ئېلىمىزدىكى مەشھۇر ئاسار - ئەتىقىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە كىرگۈزۈلدى. بۇ مازارغا 1990 - يىلدىن باشلاپ دۆلەت ۋە يەرلىك كۆپلەپ مەبلەغ ئاجرىتىش بىلەن ئالدى دەرۋازا، ئىككى ياندىكى قىرىق نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇنارنى يېڭىدىن ياسىدى، بۇنىڭدىن باشقا دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىنكى سول تەرەپتىكى پېشايۋانلىق مەسچىت ۋە ئەتراپتىن قورشالغان تاملىرىمۇ رېمونت قىلىندى، چاسا خىش ياتقۇزۇلغان يول ياقىسىدىكى دەل - دەرەخ گۈل - چېچەكلەر كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدۇ، شىمالىي قىسمىدىكى تۆت چاسا كۆركەم ئۆينىڭ ئىچىگە «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» نىڭ مېيىتى قويۇلغان. بۇ ئۆينىڭ ئۈستىگە ئاي شەكلى چۈشۈرۈلگەن مۇنار ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۆزگىچە ھەيۋەتلىك قىياپەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئوڭ تەرەپتە سامانىيلار خانلىقىدىن كېلىپ چىققان «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» نى تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن «ئەبۇ ناسىر سامانىي» نىڭ قەبرىسى بار.

# تەھرىرلىك — يازغۇچىلىق

ئىسلامجان شېرىپ

## 1 . تەھرىرلىك ـ يازغۇچىلىقنىڭ داۋامى

زامانىمىز ئومۇمىيۈزلۈك ئىجادىيەت دەۋرىگە قەدەم قويدى. بىزنىڭ تېخىچە تەبىئىي مەھسۇلاتلىرىمىزنى ماختاش بىلەن ئۆزىمىزنى ئەمەكلەپ يۈرۈشىمىزگە قارىماي، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەھسۇلاتلىرىنى كىشىلەرنىڭ پسىخكىسىغا لايىقلاشتۇرۇپ پىششىقلاش يولى بىلەن رىقابەت بازىرىدا ئۆزىگە بوشلۇق ئىزدەۋاتقانلىقى بۇنىڭ دەلىلى. دۇنيانىڭ ئىلغار ئەللىرىدە، ھەتتا بىز داشۆلىرىمىزدىمۇ ئويلاپ كۆرمەيۋاتقاندا، ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئېچىش ۋە ئۇ قابىلىيەتنى تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى بىزەكلەشكە ئىشلىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىجادىيەتشۇناسلىقنىڭ ئومۇمىي خەلق مائارىپىنىڭ دەرسلىكىگە ئايلىنىپ، خەلقنىڭ ئىجادكارلىقىنى ئاشۇرۇشقا تەدبىقلىنىۋاتقانلىقى بۇنىڭغا تېخىمۇ تولۇق پاكىت. بىز مۇھەررىرلەر دەل مۇشۇنداق ئىجادىيەت دەۋرىدە تۇرۇپ خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت كۆلچىكىگە سۇ باشلاپ كەلگۈچى ۋە ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەتنىڭ ھۇل تېشى بولغان مائارىپقا ياردەملەشكۈچىلەرمىز. بىر دۆلەت، بىر مىللەت، ھەتتا دۇنيا، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەشنىڭ تۈپ سەۋەبكارى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ۋاستىچىلىك قىلىدىغان كىتاب، ژۇرنال، گېزىت، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاكتىپ يېتەكلىگۈچى بولغانلىقتىن، بىز مۇھەررىرلەر ھەممىدىن ئاۋۋال كىشىلەرگە ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ، قۇۋۋەت سوغا قىلىمىز. بۇنداق ئىكەن، بۇ مۇقەددەس مەجبۇرىيەتنى ئورۇنداشنىڭ باش ھالقىسى نېمە؟

بىز بۇنىڭغا ئىجادىلىق ياكى يازغۇچىلىق ماھارىتى دەپ جاۋاب بېرىمىز. چۈنكى، كىتاب، ژۇرنال ۋە ياكى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئىجادىيەت بولۇپ، ئاپتورلار بىلەن مۇھەررىرلەر ئىجادىيەت ۋەزىپىسىنى ئورتاق ئورۇندايدۇ. نەشرىياتچىلىقنىڭ بېشى يازغۇچىلىق بولسا، ئاخىرى مۇھەررىرلىك بولىدۇ. مۇھەررىر پەقەت ئۆزىنى ئىجادىيەت ئىچىگە قويغاندا، ئەقەللى بولغاندىمۇ ئىجادىيەتنىڭ ئورتاقلىقى ھەم چوڭ كاتوگورىيىلىرىدىكى ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلەرنى بىلگەندىلا ئىجادىيەت ۋەزىپىسىنىڭ ئاخىرىنى ئويلاپ ئورۇندىيالايدۇ. بىراق، مەن كىتاب ۋە ژۇرنال نەشرىياتچىلىقى بىلەن ئۇزاق يىللار شۇغۇللىنىش جەريانىدا، يازغۇچى بىلەن بىرلىكتە ئىجادىيەت ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدىغان مۇھەررىرلەرنى كۆرۈپلا قالماستىن، بۇنداق ئەھۋالنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە ئايلىنىپ، يېزىشتىن ئايرىلغان يالقاۋ مۇھەررىرلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە ياكى نۇقۇل تەرجىمە سېلىشتۇرىدىغانلارنىڭ تەرجىمە بىلەن جان ساقلاشنىڭ كويىدا خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان بىلىملىك ئاپتولارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى چەتكە قېقىشقا ئاساس ھازىرلاپ بېرىپ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى غۇۋالاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەدەنىيەت كېلىچىكىمىزنى تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئىلغار مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى بىلەن تولۇقلاش ناھايىتى زۆرۈر بولسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ يۈرىكىدە جەزبىلىك تۇيغۇ قوزغايدىغان، مىللىي ئىدىياللىقنى زامانغا لايىقلاشتۇرىدىغان يازارمەنلىرىمىز تې-

www.uyghurkitap.com



خىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقىنى، تەھرىر بۆلۈمـ
لىرىدە تەھرىرلىك بىلەن يازغۇچىلىقنى بىر بىرىـ
دىن ئايرىپ تاشلايدىغان بۇنداق سۆزۈلما خاـ
راكتېرلىك كېسەللەرنى داۋالاش، تەھرىرلىكنى
يازغۇچىلىق بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئىجادىيەت
ۋەزىپىسنى ئاپتولار بىلەن بىرلىكتە ئورۇنلاشنىڭ
شەرتى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قارايدىـ
غان بولساقمۇ يېزىش شەرت بولمايدىغان ھېچقانـ
داق ئىش يوق. ئەسەر تەكشۈرۈش پىكرى، ئاپتور
ۋە كىتابخانلارغا يازىدىغان مەكتۇپلەر، كىرىش
سۆز، خاتىمە، كىتابلارغا باھا، زاكاس خېتى قاـ
تارلىقلار يازغۇچىلىقنىڭ مىنىموم دەرىجىسى بولسـ
مۇ، ئۇلارنى ياخشى يېزىش نەشرىياتچىلىقنىڭ
ھالقىلىرىنى ئىگىلەشتە شەرت بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.
بۇنداق شەرتلەرنى قانداق ئورۇنداش ۋە ئاستا
- ئاستا يازغۇچىلىققا ئۆتۈش بىلەن بۇ كېسەلنى
داۋالاشتا پىشقەدەم مۇھەررىرلەر بىزنىڭ ئۈلگىمىزـ
دۇر. 70 - 80 - يىللاردا مەن كۆرگەن پىشقەدەم
مۇھەررىرلەر يېزىشقا ئىنتىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىنـ
مۇ بۇرۇنقى چاغلاردا يېزىشنى بىلمەيدىغان مۇـ
ھەررىر ياكى نەشرىيات باشلىقلىرى يوق ئىدى.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ پىشقەدەم ئالى مۇـ
ھەررىرى مەرھۇم مامۇت سابىتنى ئالىدىغان بولـ
ساق، ئۇ مېنىڭ تەرجىمە قىلىش ۋە گېزىت ژۇرـ
ناللارغا ئاددى ماقالىلارنى يېزىشتىن ئىلمىي ماـ
قالە ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىشمغا سەۋەب بولـ
غان ئىدى، مەن مەركىزى پارتىيە مەكتىپىدە ئاسپىـ
رانتلىقتا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن بىر كۈنى ئۇنىڭ
ھوزۇرىغا باردىم. ئۇ مېنىڭ بىيجىڭدا بىلىم ئاشۇـ
رۇش جەريانىدا ئالغان تەسىراتلىرىمنى سورىدى.
مەن ۋەقەشۇناسلارغا ئوخشاش بايانلارنى قايـ
رىپ قويۇپ، ھازىرقى ۋەزىيەتتە ئادەمنىڭ ئىچكى
دۇنياسىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشنىڭ
كەلگۈسى ئىستىقبالىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىـ
نىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ھەققىدە تەسىراتىمنى سۆزـ
لەپ بەردىم. ئۇ گەپ ئارىلىقىدا نۇرغۇن ئىلمىي
مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تەرەقـ
قىياتىنى، پەن - مەدەنىيەتتىكى يېڭى بايقاشلارنى
ئاخىرقى نۇقتىدىن قوبۇل قىلىپ مىللەتكە ئۆزـ
لەشتۈرۈش ھەققىدىكى مەسىلىلەرنى قىزىقسىنىپ
سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، «ھەببەللى، - دېدى
ئۇ، - بۇ مەزمۇنلار داشۆدىكى باللارغا، بارـ
لىق ئوقۇتقۇچىلارغا دەرس قىلىپ سۆزلەپ بەرگەـ
دەك مول ئىكەن، ھەتتا كىتاب قىلىپ يېزىپ پۈتـ
كۈل خەلققە بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ئىلىم ئىكەن.
مېنىڭچە، تامامەن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇ. دەرـ
ھال قولغا قەلەم ئالسىلا، ئۇنداق بولمىغاندا،
بۇ پىكىرلەر بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ئەستىن كۆـ
تۈرۈلۈپ كېتىدۇ.» مەن تەھرىرلىكتە پىشقان بۇ
تالانتلىق مۇھەررىرنىڭ ئالاھىدە كۆزىتىش سەزگۈـ
لىكى بىلەن مېنى جەزمەنلەشتۈرگەنلىكىدىن «مەنمۇ
كىتاب يازالايدىغان ئوخشايمەن» دەپ چۆچۈپ
خوشال بولسامىمۇ، قەلەم تەۋرىتىشتىكى خامىلىقىمـ
نى نەزەرگە ئېلىپ دەماللىققا ۋەدە قىلالمىدىم. ئۇ
«ئەسەر يېزىش دېگەن خۇددى بالا مىڭىشنى ئۆـ
گەنگەنگە ئوخشايدۇ. يېزىش جەريانىدا بارغانـ
سېرى روھلىنىش، جاپالىق ئۆگىنىش بىلەن يېڭى
باسقۇچلارغا كۆتۈرۈلۈش بولىدۇ. ھازىرچە قەـ
لەمىڭىز خام بولسىمۇ، ئۆزلىرىگە ئىشەنچە قىلىپ
يېزىشنى، يېزىش جەريانىدا چېنىقىشنى باشلىـ
سىلا، مانا مەن تېگىشلىك ياردەملەرنى بېرىمەن»
دېدى. ئۇ شۇ چاغدا پىرافىسور ئابدۇشۈكۈر
مەھتىمىننىڭ «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمـ
سى» دېگەن ئەسىرى ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان ئىـ
كەن. مەن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق مۇئەللىمدىن
ئاڭلىمىغان قۇتلۇق سۆزلەرنى ئاڭلاۋاتقاچقا زاـ
دىلا ئايرىلغۇم كەلمىدى، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈـ

شەنگەندەك قىلىپ، ئەتىسى مىنى شىنجاڭ داشۆـ
نىڭ فراففېسورى ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىننىڭ هوزۇرىغا
باشلاپ باردى. ئۇ يەردە بۇ ئۇستاز ئۆزىنىڭ
«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»نى ئامـ
مىبابلاشتۇرۇش ۋە ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخـ
شىلاش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ھەم تېخنىكىلىق مەـ
سىلىلەرنى بايان قىلدى. فرافېسور ئابدۇشۈكۈر
مەمتىمىن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە شۇنداق قايىل بولدىـ
كى، «بۇ ئەسەر ئىككىمىزنىڭ ھەمكارلىقىدا پۈتۈپ
چىقىۋاتىدۇ» دېدى. دېمەك، ئۆزىنى تەرجىمە ۋە
يازغۇچىلىقتا چېنىقتۇرغان، يازغۇچىلىقنىڭ ئورتاق
بولغان ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنگەن بۇ
ئۇستازنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىنـ
دەك ئالىملار ئۆز ئەسىرىنى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرـ
سا، مەندەك قەلىمى گال، خام ئاپتورلار بۈگۈنـ
كى كۈندە ئەسەرلەر يېزىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق.
شىنجاڭدا يېرىم ئەسىر جاراڭلاپ تۇرۇۋاتقان «تاـ
رىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى تۇردى سامساق،
پىشقەدەم باش مۇھەررىرلىرى ئەخەت تۇردى، قاـ
ھار جېلىللارنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا شۇنچە
يارقىن ئوبرازغا ئايلىنىشى، «شىنجاڭ ياشلىرى»
نىڭ باش مۇھەررىرى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ شىنـ
جاڭدىكى ياش ئاپتورلار ئارىسىدا شۇنچە سۆـ
يۈملۈك بولۇپ كېتىشى ... بۇلارغا ئوخشاش نۇرـ
غۇن مۇھەررىرلەرنىڭ ئالاھىدە يازغۇچىلاردىن بوـ
لۇپ ئاپتورلار قوشۇنىمىزغا تېخىمۇ كۆپ كۆچەتلەرـ
نى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمۇ ئەنە شۇنداق يازغۇچىـ
لىق بىلەن مۇھەررىرلىكنى زىچ بىرلەشتۈرۈشنىڭ
مەھسۇلىدۇر.

ھازىرقى دۇنياغا نەزەر سالغىنىمىزدىمۇ،
نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە يازغۇچى-مۇھەررىر-
نەشرىيات سودىگەرلىرى لىنىيىسىنى ياكى مۇھەرـ
رىر-يازغۇچى- نەشرىيات سودىگەرلىرى لىنىيىسـ
نى ۋە ياكى مۇخبىر - مۇھەررىر - جەمئىيەتشۇـ
ناسلار لىنىيىسىنى كۆرۈمىزكى، يازغۇچىلىقتىن ئايـ
رىلغان نۇقۇل ئىملاكەشلەر گورۇھى ياكى تەتقىـ
قاتتىن ئايرىلغان نوقۇل تەرجىمە سېلىشتۇرغۇچىلار
گورۇھىنى كۆرمەيمىز. بۇنىڭدىن ئۆزىمىزگە نەزەر
سالغىنىمىزدا شۇنى تەخمىن قىلالايمىزكى، بىزدە
ھازىرقى كۈندە باش كۆتىرىپ قالغان بۇنداق نوـ
قۇل تەھرىرلىك، ئۆزلىرى قەلەم ئارقىلىق مەنىۋى
مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا
پوستا تۇرغان تۇرۇقلۇق يېزىشنى مەشق قىلماسـ
لىق، ئاپتورلارغا تېخىمۇ ئىلغار، يېڭى، ئىلمي
تېمىلاردا يازدۇرۇش ئۈچۈن، ھازىرقى دۇنيانىڭ
ئىلغار يەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ مەدەـ
نىيەتتە كەم جايلىرىمىز نېمە؟ ئۇنى قانداق توـ
لۇقلايمىز؟ قانداق ئەسەرلەر بىزدىكى پىسخىك
ئاجىزلىقلارغا شىپا بولىدۇ؟ يېقىنقى زاماندىن بۇـ
يان ئىجادىيەتنى ئەدەبىيات سەنئەت ساھەسىدىن
ئىبارەت تار كىچىككە قىستاپ قويۇپ، ئىلىم - پەنـ
نىڭ باشقا ساھەلىرىدە ئات چاپالمايدىغان بوـ
لۇپ قالغان جايلىرىمىزنى تولۇقلاشقا كېرەكلىك
ئەسەرلەرنى قانداق قىلىپ تولدۇرىمىز؟ دېگەندەك
تېما تاللاش دائىرىسىدىكى ئىجادىي ئويلاردا
بولماسلىق خەلقىمىزنىڭ گىگانت ئادەملىرىنى ئىشـ
لەپچىقىرىشقا، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا باشقا
خەلقلەر بىلەن بەيگىگە چۈشىشكە بىر خىل توسالـ
غۇ، جەمئىيەتنىڭ نېرۋا شاخچىلىرىنى ياشارتىپ
تۇرىدىغان نەشرىياتچىلىقتىن ئىبارەت چوڭ مېگىـ
دىكى بىر يىلىگدەش بولۇپ، بۇنداق ھالەت بىزـ
نى يۇقىرىقىدەك پىشقەدەم مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ
تەھرىرلىكنى يازغۇچىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈش
ئەنئەنىسىگە كۈچلۈك ۋارىسلىق قىلىشنى شەرت قىـ
لىدۇ. شۇڭا، خەلقىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى نەزەردە
تۇتقان ھەر بىر مۇھەررىر بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا
ئالدىراش، ئىجادىيەتدەۋرىنىڭ قەدىمىگە يېتىشـ
ۋېلىش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كېرەك.

**2 . يازغۇچىلىقنىڭ ئورتاقلىق ئالامىتى ۋە مۇھەررىرلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپ**

بىزنىڭ مەسىلىنى بۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، تەھرىرلىك ئاساسلىقى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇلازىمەت خىزمىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن پەن - تېخنىكا خادىملىرىدىن ئۈستۈن بولغان ھېسسىيات سەزگۈرلىكىنى تەلەپ قىلىپ، ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ خوشلۇق - خاپىلىقى، بەخت-سائادىتى، قايغۇ-ھەسرىتى، نىشان قوغلىشىش رىقابىتىدىكى ئۆزىنى رىئاللاشتۇرۇشنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىدىكى مۇرەككەپ ھېسسىياتلارغا ھامىي ھالدا ئىلگىرىلەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ماددىي مەدەنىيەت ئادەملىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن تۈرلۈك ژانىرلاردىكى ئەسەرلەرنىڭ پىكىر تومۇرى ۋە ھېسسىيات ئېقىمىنى چۈشىنەلەيدىغان بولۇشقا مۇھتاج بولىدۇكى، ھەرگىز نوقۇل ھالدىكى ئىملاكەشلىك ياكى تېخنىكىلىق تۈزەشكىلا مۇھتاج بولمايدۇ. بۇنداق مۇھتاجلىق تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەرنى بىر - بىرلەپ بىلىپ كېتەلمىگەن، ياكى ھەر بىر ژانىردىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ كېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھەر بىر مۇھەررىردىن بىر پۈتۈن مەدەنىيەت گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىۋاتقان ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدىكى ئورتاقلىق بىلەن شۇ ئەسەرلەرنىڭ چوڭ كاتوگورىيىلىرىدىكى ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشنى شەرت قىلىدۇ. چۈنكى، تۈرلۈك ئىجادىي پائالىيەتلەردە ئورتاق قانۇنىيەت بولىدۇ، بۇ ئىجادىيەتنىڭ ئورتاقلىقىدۇر. بۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، تۈرلۈك ئىجادىيەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆزگىچىلىكى بولىدۇ، بۇ ئىجادىيەتنىڭ خاسلىقىدۇر. ئىجادىيەتنىڭ ئورتاقلىقى دېگىنىمىزدە، ئاساسلىقى، ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ۋە ئالىملار بىلەن سەنئەتكارلارنىڭ ئورتاقلىق تەرىپىنى نەزەردە تۇتىمىز. ئىجادىيەتنىڭ خاسلىقى دېگىنىمىزدە، ئوخشاش بولمىغان ئىجادىيەت تۈرلىرى ۋە بۇ ساھەلەردە ئىجادىيەت قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى نەزەردە تۇتىمىز.

ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت ئوخشاشمايدىغان ئىككى ساھەگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن، بىر مۇنچە ئۇلۇغ سەنئەتكار ھەم ئالىملارنىڭ ھەر ئىككى ساھەدە ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى بۇ ئىككى خىل ئىجادىيەتتە ئورتاقلىق مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. تالانتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، بىر سەنئەتكار ياكى ئالىمنىڭ قازانغا مۇۋەپپەقىيىتى قانچە زور بولسا، بۇنداق ئورتاقلىق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئىجادىيەت تارىخى ۋە ھازىرقى كۈندىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ گىرەلىشىش ئەھۋالىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تەھرىرلەر بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئىجادىيەتلەر ۋە بۇ ساھەدىكى ئىككى خىل ئىجادكارلاردا بەزى ئورتاقلىقلارنىڭ بارلىقىنى بايقاشتا ماھىر بولۇشى كېرەك.

مۇھەررىرلەر بۇ مەسىلىنى ئالىملار بىلەن ئەدىبلەرنىڭ ئۆز ساھەسىدىن ھالقىش ئالامەتلىرى ئارقىلىق چۈشىنىش مۇمكىن. ئالايلۇق، ئېينشتېيننىڭ خىزمىتىدە مەلۇم سەنئەت تەرتىپى ئىزچىللاشقان. ئۇ ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت بىلىنمىگەن شەيئىنى تېپىشقا ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق مۇددىئا بىلەن ئورتاق مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشەنگەن. ماتېماتىك سۇبۇچىڭ ئۇسمۇرلۇك چېغىدا تارىخ، ئەدەبىيات ھەۋەسكارى، خۇسۇسەن كلاسسىك شېئىر ھەۋەسكارى بولغان. خىمىك ياڭ شىشيەن ۋاقتى يەتسىلا كلاسسىك شېئىرلارنى ئوقۇپ تۇرغان. چۈنكى، ئۇ ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ شېئىر - داستانلارنى

ئوقۇپ تۇرمىسا بولمايدۇ، دەپ قارىغان.
XIX ئەسىردىكى ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ماتې-
ماتىكى هامىلتونمۇ شېئىر ئوقۇش بىلەن شېئىر يې-
زىشقا تولىمۇ ئامراق ئىكەن. ئۇ گېئومېترىك ئو-
قۇملارنى ئىجاد قىلىشنى شېئىر يېزىشقا ئوخشاي-
دۇ، دەپ قارىغان. دېمەك، ئالىملارنىڭ ئەدەبى-
يات ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتكە قىزىقىشى ئۇلارنىڭ
ئىجادىيىتىگە ئىلهام بەرگەن. ئالىملارغا ئوخ-
شاشلا، ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەرمۇ ئىلىم - پەنگە
ناهايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. لۇشۈن دەسلىپ-
دە كانچىلىق مەكتىپىدە ئوقۇغان، كېيىن ياپونىيىگە
بېرىپ تىببىي پەن ئۆگەنگەن، ئاندىن كېيىن بىر
مەزگىل فىزىئولوگىيە ۋە خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى بول-
غان. ئۇ كىچىك چېغىدىلا «مىتال ھەققىدە»،
«جۇڭگو گېئولوگىيىسى ھەققىدە»، «جۇڭگو كان
مەھسۇلاتلىرى تەزكىرىسى»، «ئىنسانلارنىڭ تارى-
خى»، «ئىلىم - پەن تارىخىدىن دەرسلىك» قا-
تارلىق نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلەر ۋە ئىلىم - پەن
تارىخىغا دائىر ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ ئەسەرلەر
ئۇنىڭ تەبىئىي پەن ۋە ئىلىم -پەن تارىخى جەھەت-
تىكى مەلۇماتىنىڭ ناهايىتى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى
ئەكس ئەتتۈرگەن. مانا بۇلار ئۇنىڭ كېيىنكى ئە-
دەبىي ئىجادىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش رولىنى ئۆتى-
گەن. رۇسىيىلىك يازغۇچى چېخوۋ ئۆز دوستىغا
يازغان خېتىدە: «تىببىي پەننى ئوقۇغانلىقىم بى-
لەن تەتقىق قىلغانلىقىمنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدى-
كى پائالىيىتىمگە ناهايىتى زور ياردىمى بولدى.
چۈنكى، ئۇ مېنىڭ كۆزىتىش دائىرەمنى كېڭەيتتى.
ماڭا مول بىلىملەرنى بەردى... تەبىئىي پەن بىلەن
ئىلمىي ئۇسۇللارنى پۇختا بىلگەنلىكىم ئۈچۈن،
هامان ئېهتىياتچان، هوشيار بولۇپ كەلدىم. مۇم-
كىنقەدەر ئىلمىي ئاساستا مۇھاكىمە قىلغىلى بول-
دىغانلىكى ئىشلارنى ئىلمىي ئاساستا يازدىم.
ئۇنداق قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان يەرلىرىنى

زادىلا يازمىدىم» دېگەن.
تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى
ئىجادكارلارنىڭ قارشى تەرەپتىن بەھرى ئېلىشىدىن
كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادى-
يەتتە ئورتاقلىق بار. بۇنداق ئورتاقلىقنى دۇنيا-
دىكى ئەڭ ئۇلۇغ يازغۇچى ۋە ئالىملار ئۇزاقلار-
دىن بۇيان هېس قىلىپ كەلگەن ۋە هازىرمۇ هېس
قىلىۋاتىدۇ. خۇددى فرانسۇز يازغۇچىسى فروبې-
لېي ئېيتقاندەك، ئىجادىيەتتە «ئالغا ئىلگىرىلىگەن-
سېرى بەدىئىيلىك شۇنچە ئىلمىيلىشىپ بارىدۇ، ئىل-
مىيلىكمۇ شۇنچە بەدىئىيلىشىدۇ، بۇ ئىككىسى تاغ
باغرىدا ئايرىلىسمۇ، تاغنىڭ چوققىسىغا بارغاندا
قوشۇلىدۇ».
دېمەك، قارىماققا كىشىلەر ئىلمىي ۋە بەدىئىي
ئىجادىيەتلەرنى زادىلا مۇناسىۋىتى يوقتەك ئاددىي
چاغلاپ يۈرگەن بىلەن، ئالىملار ئەدەبىي ئەسەر-
لەردىكى ئىلمىيلىك ئېهتىماللىقلىرىنى تولۇق نەزەر-
گە ئېلىپ كەلدى. هازىرقى كۈندە، ئالىملارنىڭ
گېپىگە قۇلاق سالغان ناهايىتى كۆپ كىشىلەر ئىل-
مىي ئىجادىيەت بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت، ئا-
لىملار بىلەن سەنئەتكارلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇ-
نىيەتلەرگە ئەمەل قىلىش شەرتى بىلەن «زۆرۈرىيەت
ئالىمى» دىن «ئەركىنلىك ئالىمى» گە ئۆتۈپ،
ئەركىنلىك ئالىمدە ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئىقتىدا-
رىنى ئىشقا سېلىشى لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى.
شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى بەدىئىي ۋا-
سىتە بىلەن ئىپادىلەيدىغان ئىلمىي فانتازىيە ئە-
سەرلىرى دۇنياغا كەلدى. بۇ ئەسەرلەر بارغانسې-
رى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە تارتماقتا. مۇھەر-
رىر بولغان كىشى، ئۆز خەلقى ئارىسىدىن كاتتا
يازغۇچى، ئالىم يېتىشتۈرۈشكە ياردەمدە بولۇش
ئۈچۈن، مۇشۇنداق نازۇك تەرەپلەردىن ئۇلارنى
چوڭقۇر بايقاپ، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىن
ئەتراپلىق يېتىلىۋاتقان ئاپتورلارغا نىشانلىق يار-

www.uyghurkitap.com

دەم بېرىشى كېرەك.

ئىلمىي فانتازىيە ئەسەرلىرى نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ شۇنچە ئەتىۋارلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئىلمىي فانتازىيە ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەرگە بولغان قىزىقىشلىرىنى قوزغىغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇلارنىڭ ئەقىل پاراستىنى بېيىتىدۇ ۋە ئۇلاردا ئىلمىي ئاساستىكى مول تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى تۇرغۇزىدۇ. بۇنداق فانتازىيە ئەسەرلىرىنى پەقەت ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەن ساھەدىكى نۇرغۇن بىلىملەردىن خەۋەردار ئالىم سۈپەت ئادەملەر يازالايدۇ.

تازا سەپسالىدىغان بولساق، بۇرۇن يېزىلغان فانتازىيىلىك ئىلمىي ئەسەرلەردە بۈگۈنكى كۈندە رېئاللىققا ئايلانغان ئىلىم ـ پەن نەتىجىلىرى ئەينى چاغلاردا فانتازىيە ئارقىلىق ئالدىن مۆلچەرلەنگەن، ھازىر يېزىلىۋاتقان بىرمۇنچە فانتازىيە ئەسەرلىرىدە كەلگۈسى پەن ـ تېخنىكا مەنزىرىسى ئالدىن كۆرسىتىلگەن. شۇڭا، بۇنداق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىدىيىۋى خەزىنىسى دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە بەزى خېلى بۇرۇن يېزىلغان فانتازىيىلىك ئەسەرلەرنىڭ ئۇزاققىچە ئۆلمىگەنلىكىنىڭ سىرى مانا شۇنىڭدىدۇر.

لېكىن، شۇنىمۇ كۆرسىتىشكە تېگىشلىككى، ھازىر بەزى ئىلمىي فانتازىيە ئەسەرلىرى «فانتازىيە» نامى بىلەن ساختا نەرسىلەرنىمۇ تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردە ئەتراپلىق بىلىم ئالمىغان «ئەدىب» بىلەن يازغۇچىلىقتىن ئايرىلغان «مۇھەررىر» سەۋەب بولىدۇ. بۇنى بايقاشمۇ مۇھەررىرلەرگە يەنە بىر تەلەپ، ئەلۋەتتە.

دېمەك، تۈرلۈك ساھەلەردىكى ئىجادىي پائالىيەتلەردە بىر بىرىگە ئوخشايدىغان ئورتاقلىقلار بار. بۇنداق ئورتاقلىق ئىجادىي تەپەككۇردا ئىپادىلىنىدۇ، يەنى ئىجادىيەت جەريانى ئىجادىي تەپەككۇر جەريانى بولىدۇ. ئېلىمىزدىكى ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئىجادىيەت جەريانى تەييارلىق، ئەمەلىيەت ۋە خۇلاسىلەش باسقۇچلىرىغا بۆلۈنىدۇ. لېكىن، ئىجادىيەت جەريانى يېڭى مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ چىقىدىغان ناھايىتى مۇرەككەپ جەريان بولغاچقا، ئۇنىڭدا بېكىتىپ قويۇلغان مۇقىم قېلىپ بولمايدۇ، ئۇنىڭ جەريانى ئىجادىيەتنىڭ ئوبيېكتى، تۈرلىرى، خاراكتېرى، ئىجاد قىلغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ شارائىتلىرى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەقەززاسىدا بولىدۇ. شۇڭا، مۇھەررىرلەر ئەسەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن نەشرىدىن چىقىرىش لايىھىلىرىنى تۈزۈپ، ئۇنى ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغان ھالدا ئىجادىيەتنىڭ ئاخىرىنى ئۇلاپ ئورۇنداش كېرەك.

**3. پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيەت كاتوگورىيىسى ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ ئۇلارغا ياردىمى**

تەبىئىي پەن ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئەمما، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى باشقا بىر پىلانېتقا بارماستىن، بىزنىڭ پىلانېتتا تەتقىق قىلغاچقا، تەبىئىي پەن تەتقىق قىلغۇچىلارمۇ ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئالدىدىمۇ پەزىلەت ياكى ئىلمىي ئەخلاق مەسىلىسى مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرگەندە كىم ئۈچۈن ئىشلەش مەسىلىسى بولغاچقا، سىنىپىلىكى يوق پەنلەرنى تەتقىق قىلغۇچىلارمۇ سىنىپىيلىككە ئىگە بولىدۇ. گېتلېرغا قورال ياساپ بەرگەنلەرمۇ ئالىم دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمما، ئۇلار ئۇرۇش جىنايەتچىسى. سوتسىيالىستىك جۇڭگودا ياشاۋاتقان ئالىملار خەلق ئۈچۈن ئىشلەش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزغان. ئەمما،

بۇنداق بىر دۇنياغا قاراشنى مەڭگۈ چىڭ تۇتۇش
ۋە تاۋلاش، خەلققە بەخت يارىتىش يولىدا كۈ-
رەش قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەملەش شەرت
بولىدۇ. شۇڭا، مۇھەررىرلەر پەن - تېخنىكا كەش-
پىياتچىلىرى ۋە ئىقتىراچىلىرىغا پەزىلەت جەھەتتە
تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنى ھەر قانداق ئەھۋالدا
ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدە تۇرۇشقا يېتەكلەش زۆ-
رۈر بولىدۇ.

پەن - تېخنىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنى-
غۇچىلارنىڭ دۇنياغا قارىشىنى قويۇپ تۇرۇپ، نو-
قۇل تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت تەرىپىنى نەزەردە تۇت-
قاندا، پەن - تېخنىكا ئىجادىيىتى دۇنيانى بىلىش
كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. پەن - تېخنىكا ئەنە شۇ
دۇنيانى بىلىشنىڭ جەريانى ھەم يەكۈنى، شۇڭا،
مۇھەررىرلەر ئالىم ۋە ئىنژېنېرلارنى بىلىم ئىجاد قى-
لىش، كونا بىلىملەردىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش
ۋە بىلىملەرنى تەرتىپلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنى-
دىغان ئىجادىي ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندۇرۇشقا
ياردەمدە بولۇشى كېرەك. بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك
ئاڭلاپ تۇرىدىغان «ئالىم» دېگەنلەر مول ۋە
پۇختا بولغان كەسپىي بىلىمگە ئىگە، پەن - تەتقى-
قات ئۇسۇللىرىنى قاتتىق تەلەپ بىلەن تەتبىق
قىلالايدىغان، بىلىنمىگەن ساھەلەرگە دالالملىق
چوڭقۇرلايدىغان، پەن - تېخنىكىنىڭ مەلۇم ساھە-
سىدە يېڭى، ئىجادىي قىممىتى بار تۆھپە قوشقان
پەن - تېخنىكا خادىملىرى بولغانلىقتىن، مۇھەر-
رىرلەرنىڭ ئۇلارنى خەلق تەرىپىدە ئىجاد قىلىشقا
ياردەم بېرىشى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پەن - تېخنىكا ئىجادىيىتى ئىجادىي تەپەك-
كۇر مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، باشقا ئىجادىيەتلەر
بىلەن ئوخشاش جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرىسى-
مۇ، ئاساسلىقى مەسىلە سېزىش، سەزگەن مەسى-
لىنى تەھلىل قىلىش، پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇش،
ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرنى تەكشۈرۈش ۋە تاللىۋې-
لىشتىن ئىبارەت بەش باسقۇچتىن ئۆتىدۇ. مۇھەر-
رىرلەرنىڭ بۇ بەش باسقۇچنى پۇختا ئىگىلەپ تۇ-
رۇپ ئۇلارغا ھەمكارلىششى ئىلمى ئەسەرلەرنى
بارلىققا كەلتۈرۈشتە مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينايـ-
دۇ.

بىرىنچى، مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە
ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن، شۇنىڭغا لايىق بىلىم ۋە
تەجرىبىلەرنى توپلاش باسقۇچى. مەسىلىنى ئېنىق
ئوتتۇرىغا قويغانلىق — ۋەزىپىنىڭ يېرىمىنى تاماm-
لىغانلىقتا باراۋەر. بۇنىڭدا مۇھەررىرلەر ئاپ-
تورلارنىڭ مەسىلە ئىزدەشتىكى سەزگۈرلۈكىنى جا-
رى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بارلىق ئىلمىي ئىجادى-
يەتلەرنىڭ جەريانى مەسىلىدىن باشلىنىدۇ. فرانـ-
سۇز ئالىمى گارودىنىڭ كۆرسىتىشىچە: «ئەقىل -
ئىدراك ئۆزىگە يارىشا تارىخقا ئىگە. بۇ تارىخ
ئوخشاش مەسىلىگە ئۈزلۈكسىز جاۋاب بېرىشتىن
ئىبارەت تارىخ ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرىغا قويۇل-
غان مەسىلىلەردىن ئىلھاملىنىش تارىخى». مۇھەر-
رىر ئاپتورغا ئىلھاملانغىدەك مەسىلە قويۇشنى شۇ
ھەقتىكى بىلىم ئاساسىدا ئالدىن ئىگىلەش كېرەك.

ئىككىنچى، مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا پۈ-
تۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ماتېرىيال توپلاش
ۋە ماتېرىيال تولۇقلاش باسقۇچى. بۇ ئىككى
باسقۇچ ئاساسىي جەھەتتىن بىلىم توپلاش باسقۇ-
چى بولۇپ، لوگىكىلىق تەپەككۇر پائالىيىتىگە مۇھ-
تاج، بۇ ئىككى باسقۇچ، كەشپىياتنى، يەنى ئوت-
تۇرىغا قويغان مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى
ئىگىلەشنى ھەم ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھەم توسىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرى سۈرىدۇكى، ئۇنىڭدا تەت-
قىق قىلغۇچىنىڭ دىققىتى مەلۇم مەسىلىگە مەركەزلى-
شىدۇ ۋە بۇ مەسىلىدە توپلانغان ماتېرىياللار بى-
لەن بۇ ماتېرىياللارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە مەركەزلى-
شىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن توسىدۇكى، ئۇنىڭدا تەت-
قىق قىلغۇچىنىڭ تەپەككۇرى كۆپىنچە نەق نۇقتىئىنە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



زەرلەر بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ، كونا پېتىچە تۇرۇپ قالىدۇ. لېكىن ئىجادىيەتنىڭ ۋەزىپىسى كونا نۇقتىئىنەزەرلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، يېڭى يول ئېچىشتۇر. شۇڭا، بۇ باسقۇچتا مۇھەررىر ئاپتورنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا توغرا ئۇسۇل تاللىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، كونا نۇقتىئىنەزەرلەر چەمبىرىكىدىن چىقىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا ياردەم بېرىش كېرەك.

ئۈچىنچى، قارىماققا تەتقىق قىلىنىدىغان مەسىلىنى تاشلاپ قويىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان، باشقا تەرەپ ۋە باشقا ساھەگە بۇرۇلۇش قىلىپ ئىزدىنىش باسقۇچى. بۇ پىكىر تۇغۇلىدىغان باسقۇچتۇر. بۇنىڭدا تەپەككۇر جانلىقلىقىنى جارى قىلىش، تەجرىبە يۆتكەش، ياندىن تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلىش قاتارلىق ئىجادىي قابىلىيەتلەرنى تەدبىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا مۇھەررىر ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتىنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالايدىغان جانلىق تەپەككۇر ئۇسۇللىرى تەرەپتىن ياردەم بېرىش كېرەك.

تۆتىنچى، ئۆزلەشتۈرۈش باسقۇچى. بۇ كەشپىيات باسقۇچىدۇر. بۇنىڭدا بەزىدە ئېنىق ئىدىيە پەيدا بولماستىن، بەلكى دەسلەپكى قەدەمدىكى قىياسلار ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن. بۇ باسقۇچتا بىۋاستە سەزگۈ، ئىلھام، تەسەۋۋۇر قاتارلىق غەيرىي لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بۇ چاغدا مۇھەررىر ئاپتورنىڭ تېخىمۇ يۈرەكلىك بولۇشقا ئىلھام بېرىش كېرەك.

بەشىنچى، تەكشۈرۈش باسقۇچى. بۇنىڭدا باھالاش قابىلىيىتى تەدبىق قىلىنىدۇ.

بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن ئىلمىي ئىجادىيەتلەر جەريانى گەرچە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان جايلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، ئىجادىيەت جەريانىدىن قارىغاندا، بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن ئىلمىي ئىجادىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ماتېرىيال توپلاش جەھەتتىن ئوخشايدۇ. مەيلى سەنئەتكار ياكى ئالىم بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئىجادىيىتى نۇرغۇن جاپالىق ئەمگەك سەرپ قىلىپ ماتېرىيال توپلاشنى شەرت قىلىدۇ.

پەن - تېخنىكا ئىجادىيەت جەريانى يۇقىرىقىدەك ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، نوقۇل تېخنىكا ئىختىرا قىلىش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، پەن ئىجادىيىتىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، بىز تېخنىكا جەھەتتىكى ئىجادىيەتنى ئىختىرا دەپ ئاتايمىز.

پارتىيىمىز 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا زامانىۋىلاشتۇرۇشتا بىرىنچىدىن سىياسەتكە، ئىككىنچىدىن پەن - تېخنىكىغا تايىنىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن بۇيان، ئېلىمىزدە تېخنىكا ئىختىراچىلىقىنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى غۇنچە گۈللەردەك پورەكلەپ ئېچىلىپ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ دۇنيادىكى ئوبرازىنى قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكىگە لايىقلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇنىڭدىن ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشكەن جۇڭگو خەلقى پەن - تېخنىكا ئىجادىيىتىنى ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچى قىلىپ، بېيىش يولىدىن ھەرقانچە قىلسىمۇ يانمايدىغان مۇقىم يولغا ماڭدى، ھەتتا دېھقانلارمۇ پەن - تېخنىكىنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى تەتبىقلاش ئارقىلىق بېيىش مۇمكىنلىكىنى ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ھالىغا يارىشا تېخنىكا ئىختىرالىرىنى ئىگىلەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ مەستانىلىرى بولۇپ قالدى. ئۇلۇغ ئالىملاردىن ئاددىي ئىشلەپچىقارغۇچىلارغىچە بولغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىختىرا يولىغا ماڭسا، ئىختىرانىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئىزدىنىپ ئىشلىسە، ئۆزىگە چۈشلۇق ئىختىرا قىلىپ بېيىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىختىرا

كىشى قىلغىلى بولمايدىغان سىرلىق نەرسە بولماستىن، تىرىشچاق كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش. ئۇنىڭ بىرىنچى قەدىمى بىپەرۋالىقنى تۈگىتىپ، ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارنى ئىنچىكە كۆزىتىشتىن باشلىنىدۇ. بىز پەقەت كۆڭۈل بۆلگەن شەيئىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ بولۇپ، بۇ ھەقتە كۆڭلىمىزگە زاھىر بولغان ئوي - پىكىرلىرىمىزنى ئەستايىدىل خاتىرىلەش ئاساسىدا ئۆز لايىھەمىزنى تۈزۈپ چىقساق، بىزمۇ ئىختىرا تەرەپكە قاراپ ماڭغان بولىمىز. سىز «تارىم» ژۇرنىلىنى ئېچىپ قارىغىنىڭىزدا؛ ۋاقتىڭىز بولسا ئۇنىڭ 50 - يىللاردىن ھازىرغىچە بولغان سانلىرىغا كۆز يۈگۈرتكىنىڭىزدە، شىنجاڭدىكى ھەممە نەرسە تۈرلۈك ژانىرلاردا يېزىلغان ئەسەرلەر بىلەن تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرىسىز. ئۇنىڭدا بەزى ساۋاتسىز قوشاقچىلاردىن تارتىپ يېتىلگەن تالانتلىق شائىرلارغىچە، كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى باشلىغانلاردىن تارتىپ رومان ئاپتورلىرىغىچە ھەر بىر ئەدىبنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرىسىز. تېخنىكا ئىختىرا قىلىشمۇ خۇددى شۇنداق. سەيلە قىلىۋاتقان، كارىۋاتتا ئوڭدا ياتقان، ماشىنىدا كېتىۋاتقان، ھەتتا ھاجەتكە بارغىنىڭىزدا ئېسىڭىزگە كەلگەن ئىجادىيەت لايىھىسىنى ئالتۇن كاللىڭىزغا ئىشىنىپ ئۇنتۇلۇپ قالمايمەن دېمەي، كۆتمەك قەلىمىڭىزدە يېزىۋالسىڭىز، ھەتتا سىزنىڭ ئۇ ئىجادىيەت لايىھىڭىز راۋۇرۇس بىر پىلان بولماي ئاددىي، ئەخمىقانە بولسىمۇ، باھالاشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ خاتىرىلىۋېلىپ، شۇنداق لايىھەلەر بىر نەچچە، ئون نەچچە بولغاندا سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى مۇۋاپىق ياكى بىر قەدەر مۇۋاپىق بولىدۇ، ئۇنى ئەتراپلىق ئويلاپ پىششىقلىغىنىڭىزدا ئىجادىيىتىڭىزنىڭ ئىككىنچى قەدىمىنىمۇ باسقان بولىسىز، ئىشەنمىسىڭىز ھازىر بىر مۇنچە يازغۇچى، ئالىملارنىڭ يانچۇقىدا خىيالىغا كەلگەننى دەرھال يېزىۋالىدىغان دەپتىرى ياكى لېنتىغا ئېلىۋالىدىغان مىكرو ئۈنئالغۇسى بار. بۇنداق ئىكەن، مۇھەررىرلەر ئاپتورنىڭ ئەسىرىدىكى خەتنىڭ سەت - چىرايلىقلىقى ياكى ئەسەرنىڭ باغلىنىش لوگىكىسىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغىلا تىكىلىۋالماستىن، ئۇلارنىڭ پىكرىدىكى ئىجادىلىقتا ئىلھام بېرىشنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئەسەرنى قەدەممۇ - قەدەم پۇشۇرۇشقا ماھىر بولۇشى لازىم.

چۈنكى مىڭە دېگەن ئىشلەتمىگەن پىچاق دات بېسىپ كېتىدىغان نەرسە. بۇنىڭغا ئەتراپىمىزدىكى ھەممە ئادەم ئىقرار. سىز ياخشى مۇھەررىر بولۇش ئۈچۈن، ھە دېسە گەپ ساتىدىغان، ھەتتا باشقىلارغا تەلىم بېرىشكە ئىنتىلىدىغان، ئەمما كاللىسى بىلەن قەلىمىنى ئىشقا سالمايدىغان ھورۇنلارنى دورىماي، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز ئىجادىيەت يولىدا مېڭىپ باقسىڭىز، ماڭغاندىمۇ چىدام ھەم بىر قەدەر تاقەتلىك روھ بىلەن كۆڭلىڭىزنى توختىتىپ ماڭسىڭىز، ئۇزاققا بارماي نەپ ئالماي قالمايسىز. ھېچبولمىغاندا، ئىجادىيەت ۋە ئىختىراغا پايدىلىق ئويۇنلارنى ئويناپ كۆرسىڭىز ئىجادىي قابىلىيىتىڭىز ئۆسىدۇ ھەمدە ئۆز تەجرىبىڭىز بويىچە ئاپتورلارغا يېتەكچىلىك قىلالايسىز.

**4. ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ ۋەزىپىسى**

ئىجتىمائىي پەن ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇڭا، مۇھەررىر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ھەر قانداق ئەسەرنى تەكشۈرگەندە، ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ ئادەم بىلەن ئۆز جەمئىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالىغان - قىلالمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. چۈنكى، تەبىئىي پەن تەتقىقاتى بىلەن تېخنىكا ئىختىرا تەتقىقاتى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى بولۇپ، بۇ-

www.uyghurkitap.com



نىڭغا سەل قاراش ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرلۈك قولايسىزلىق ۋە تۇرغۇنلۇق ئېلىپ كەلسىمۇ، ئەمما، بىر - بىرىگە ياندىشىپ ماڭىدىغان بۇ ئىككى خىل تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ھېچ قانداق چاغدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، ئەگەر پەننى دۇنيانى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان قۇشقا ئوخشاتساق، ئىككى تەرەپنىڭ بىرى بولمىسا، قۇشنىڭ بىر قانىتى سۇنغان بولىدۇ - دە، تەرەققىيات ئەلچىسى ئۇچالمايدۇ. ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى نەتىجىلىرى گەرچە تەبىئىي ۋە تېخنىكا پەنلىرىدە بارلىققا كەلگەن كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەردەك ماددىي شەكىل بىلەن مەيدانغا چىقمىسىمۇ، ئىدىيىگە يېتەكچىلىك قىلىش خاراكتېرى بىلەن تەبىئىي ۋە تېخنىكا پەنلىرى تەتقىقاتى ۋە ئىجادىيىتىدىنمۇ مۇھىم ھەم تەخىرسىز ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەررىردە ئىجتىمائىي پەننىڭ رولچىلىق ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان قەتئىيلىك بولۇشى كېرەك.

چۈنكى، ئىجتىمائىي پەن ئادەم بىلەن ئادەم مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغاندا، ئىنسانلار روھىنىڭ ئىنژېنېرلىقىنى ھەممە تەرەپتىن قىلىدۇ. ھەتتا ئۇ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۆز كەسپىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىلىرىنىمۇ ھەل قىلىپ، ئالىملارنىڭ ئىلمىي ئەخلاقىدىن تارتىپ تاكى بارلىق ئىلمىي خىزمەتچىلەرنىڭ ۋىجدانى، مەسئۇلىيىتى، ۋەزىپىسى ۋە خىسلەتلىرىگىچە تەلىم بېرىش بىلەن ئۆز كاتېگورىيىسىدىكى ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنى تەربىيىلەپلا قالماستىن، تەبىئىي ۋە تېخنىكا پەنلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بارلىق كىشىلەرنى ئىلمىي ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىلىم - پەننىڭ ھەر قانداق ساھەسىدە ئىشلەۋاتقانلارنى ئۆزىنى جەمئىيەتكە نېمە بەرگەنلىكى بىلەن ئۆلچەيدىغان پرىنسىپلار بىلەن قوراللاندۇرىدۇ. بۇنداق ئىكەن، مۇھەررىردە ئىجتىمائىي پەنگە سەل قاراش ئىدىيىسى بولىدىكەن، ھەقىقەتەن جەمئىيەتكە مەسئۇلىيەتسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ.

ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى باشقا ئىجادىيەتلەر بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە باشقا ئىجادىيەتلەرگە ئوخشىمايدىغان تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، مۇھەررىر ئىلمىي ماقالە ۋە ئەسەرلەرنى مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەر بويىچە ئۆستۈرۈشكە ماھىر بولۇش كېرەك.

بىرىنچى، مەۋھۇملۇق. ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى مەيلى نەزەرىيە ئاساسىي جەھەتتىن ۋە ياكى ئىستېمال تەتقىقاتى جەھەتتىن بولسۇن بىر قەدەر مەۋھۇم، ھەتتا «سىرلىق» دەرىجىگە يېرىپ يېتىدۇ. بەزىلەر ئېھتىمال دۇنيانىڭ چەكلىك ياكى چەكسىزلىكىنى، ئادەمنىڭ ماھىيىتىنى، جەمئىيەتتىكى بىرلىك ۋە زىددىيەتلەرنى، ھەتتا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇرۇنقى ۋەقەلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ دەيدىغاندۇر.

پايدىسى بار. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىجادىي پائالىيەتلىرى شۇ ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، كىشىلىك قارىشى، ئەخلاق قارىشى، نېمە ئۈچۈن ئىجاد قىلىشى، ئۇلۇغۋار غايە ئۈچۈنمۇ ياكى قارىغۇلۇقتا پېتىپ قالغان ھەۋەس ئۈچۈنمۇ دېگەن نېگىزلىك مەسىلىلەر ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ جەھەتلەردە ئىدىيە ۋە مۇددىئانىڭ قانداق بولۇشى بىلەن ئىجادىي ئىقتىدار بۇلىقىنىڭ ئېچىلىشىدا چوڭ پەرق بولىدۇ. سەن ئىجادىيەتنى قانداق ئېلىپ بارىسەن؟ تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتنى ئۆز ئارا باغلىغان، ھەرىكەتچان، تەرەققىي قىلىدىغان بىر سىستېمىدا قو-

يۈپ تەكشۈرەمسەن؟ مانا بۇلار ماھىيەتلىك مەسىلە بولۇپ، ھەر بىر كىشىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. سەن ئىجادىيەت قىلالامسەن ـ يوق؟ ئادەمدە سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق بولسا قانچىلىك بولىدۇ؟ بۇ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقنى نېمىگە تايىنىپ جارى قىلدۇرىمىز؟ مانا بۇ مەسىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ھەممىسى مۇھەررىر بىلەن بىۋاسىتە باغلانغان بولۇپ، بۇ مەسىلەر ئالدىدا ھەل قىلىنمىسا، تەبىئىي ۋە تېخنىك پەنلىرىدىكى ئىجادىيەتمۇ نىشان كۆرسەتكۈچىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ياكى مەنىۋى مەنبەسى يوق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەررىرلەر ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى تەكشۈرگەندە ئەشۇ تۈپ مەسىلەردە ئېنىق قاراشقا ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، مەنىۋىلىك. ئىجتىمائىي پەن ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى مەنىۋى بولىدۇ. مەيلى سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ لايىھىلىرى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارنىڭ باغلىنىشلىقى ھەققىدىكى ئانالىز ياكى تارىخىي پاكىتلاشلاردىكى زور بۆسۈشلەر، پىسخىك تەجرىبىلەر ئۈستىدىكى مۇھىم ئىسپاتلاشلارنىڭ ھەممىسى مەنىۋى مەھسۇلاتتۇر. شۇڭا، بۇ جەھەتتە مۇھەررىرلەر كىشىلەرنىڭ دەماللىق ئىستىمالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىجتىمائىي پەن ـ ئەسەرلىرىگە سەل قاراش، ئاپتورلارنىڭ سۇسلاپ كېتىش ئەھۋالىنى تۈزەش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

ئۈچىنچى، دەلىللىك. تارىخ تەكرارلانمايدۇ. تارىخنىڭ مۇنداق رەھىمسىزلىكى ئىجتىمائىي پەن تەجرىبىلىرىگە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ، بولۇپمۇ ماكرولۇق پىلانلاردا خاتالىق كۆرۈلگەن ھامان مۆلچەرلەش قىيىن بولغان زىيانلار كېلىپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ زور ماشىنىنىڭ ھەرىكىتىدە ئۆزىگە خاس ئىچكى مېخانىزم بولغانلىقتىن، بۇ مېخانىزملارغا خىلاپلىق قىلىنسا، ئۇنى تۈزەش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن غايەت زور كۈچ كېتىدۇ. مانا بۇلار ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ دەلىللەش خاراكتېرىنى بېكىتكەن بولۇپ، دەلىللەش بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. بىزنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز ئەنە شۇ سەۋەبتىندۇر. شۇڭا، مۇھەررىرلەر ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرىنىڭ جەمئىيەتنى توغرا نىشانغا بۇراش كۈچىنى مۆلچەرلەشكە ئالاھىدە ماھىر بولۇش كېرەك.

تۆتىنچى، جانلىقلىق. ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ئادەمدىن ئايرىلالمايدۇ. ھالبۇكى، ئادەم پائالىيەتچان ئامىل بولۇپ، ئادەمنىڭ ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت ۋە جايلاردىكى ھالىتى ئوخشاش بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئادەمنىڭ ئىدىيىسى بىلەن قىلىقى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن، يەنە شەخسنىڭ ئۆزگىچە ساپاسى كۆرگەن تەلىم ـ تەربىيىسى، ئائىلە شارائىتى ۋە پەۋقۇلئاددە پىسخىك ھالىتى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئوخشاشمايدىغان پىسخىكا ۋە خاسلىقلاردا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تىندۇرمىلىرى، ئەجدادلىرىنىڭ ئۇدۇم ـ ئادەتلىرى بولۇپلا قالماستىن، ئالاھىدە ۋاقىت، شارائىتلارنىڭ ياگزىلىرىمۇ بولىدۇ. شۇڭا، ئادەمنى تەتقىق قىلىدىغان ئىجتىمائىي پەندە بەلگىلىك جانلىقلىق بولىدۇ. ئىجادىيەتتىمۇ تەبىئىي پەننىڭ ئىجادىيەتلىرىدەك قېلىپلاشقان بولمايدۇ. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن ئىجتىمائىي پەن ئىجادىيىتىدە ئىلمىيلىك يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئادەمنىڭ پىسخىك پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىمۇ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قانۇنىيەت بولىدۇ.

شۇنىمۇ بىلىش لازىمكى، مەلۇم قانۇنىيەتلەر

نى كەشپ قىلىش ئىجادىيەتكە تەۋە بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا مۇقىم، نۇقۇل، مەلۇم ئالاھىدە ساھەلەردىكى ئىجادىيەت ۋە ئىختىرالاردىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئالايلۇق، ماركس قوشۇمچە قىممەت قانۇنىيىتىنى كەشپ قىلدى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى بەرپا قىلدى ھەمدە بۇلار ئارقىلىق كاپىتالىزمنىڭ مۇقەررەر ھالدا ھالاك بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى ئېچىپ بەردى. بۇ كەشپىياتنىڭ تۆھپىسىنى ھەر قانداق ئىجادىيەت ياكى ئىختىرا بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايلا قالماستىن، سۈپەتلەشمۇ قىيىن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى تازا توغرىلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلسا، بارلىق ئادەملەرنىڭ روھىي ھالىتىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ، شۇ ئارقىلىق ماددىي مەدەنىيەتنى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن كۆپ دەرىجىدىن تېز راۋاجلاندۇرۇشقا ئاساس سالىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سەل قاراشقا بولمايدىغان ئۇلۇغ خىزمەتتۇر. شۇڭا، مۇھەررىرلەر ۋاقىتلىق داۋالغۇشلاردا يۈز بېرىدىغان بىر تەرەپلىمە پىكىرلەرنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ خىزمەت ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇماستىن، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى توغرا يول بىلەن ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىغا تېخىمۇ كۆپ ئەسەر تەقدىم قىلىشقا يول ئېچىپ مېڭىشى كېرەك.

مۇھەررىرلەر يەنە شۇنىمۇ تولۇق نەزەرگە ئالماي بولمايدۇكى، ئىجتىمائىي پەن ھەر قاچان ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان جەمئىيەت تومۇرىنىڭ سوقۇشىغا ئەگىشىپ ئۆرلەپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرقى كۈندە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ زامانىۋىلىشىش مەسىلىسىنىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ زامانىمىزدىكى تەرەققىيات يۈزلىنىشى بويىچە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. چۈنكى، پەن تەتقىقاتىنىڭ جاۋاب بېرىدىغىنى ۋە ھەل قىلىدىغىنى ئىنسانلار ئەمەلىيەت ۋە بىلىش داۋامىدا ھەل قىلالمىغان ۋە ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلىلەردۇر. ئىلىم پەن خادىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر دەۋرنىڭ تەلىپىنى قانچە چوڭقۇرلاپ ئەكس ئەتتۈرسە، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىيەت ۋە بىلىش سەۋىيىسىنى شۇنچە يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەررىرلەر ئىجتىمائىي پەن تېمىلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش كېرەك. مۇھەررىرلەر ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تېمىسىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تۆۋەنكى تەرەپلەردىن ئويلاش مۇمكىن. بىرىنچىدىن، بۇرۇن تەتقىق قىلىنمىغان ياكى ناھايىتى ئاز تەتقىق قىلىنغان بەزى ئۇنىۋېرسال يېڭى تەتقىقات تېمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش. مەسىلەن، تەدبىر تۈزۈشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە مەسلىھەتچىلىك تەتقىقاتىنى ئالىدىغان بولساق، بۇلار زامانىمىزدىكى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئوتتۇرىغا قويغان ئۇنىۋېرسال تەتقىقات تېمىسىدۇر، ئىلىم - پەن، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ كۆلىمىنىڭ بارغانسېرى زورىيىپ بېرىشى ۋە يۈكسەك ئۇنىۋېرساللىق خاراكتېرى ۋە ئۆزگىرىشچانلىقى تەدبىر تۈزۈشتە كەتكۈزۈپ قويۇلسا زور تەسىر قوزغايدىغانلىقىنى ۋە مۆلچەرلىگۈسىز زىيان بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭغا ئوخشاش مۇھەررىرلەر تەدبىر تۈزۈشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى، تەرتىپى، يولغا قويۇش كاپالىتى ۋە مەسلىھەتچىلىك تەشكىلىي پائالىيەتلىرىنىڭ شەكلى قاتارلىق تەرەپلەردە پۇختا ئويلىنىپ، يەنە باشقا بىر مۇنچە تەتقىق قىلىنمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يېتەكلىك قى

لىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، يېڭى پەنلەرنى تەتقىق قىلىشنى پائال قانات يايدۇرۇشى كېرەك. يېڭى پەنلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تەلەپلىرىگە ئۇيغۇنلىشىش، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا ھەققىدىكى بىلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يېڭى نەزەرىيە ۋە ئۇسۇل شەكىللەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. يېڭى پەنلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى پائال قانات يايدۇرۇش ئىجتىمائىي پەنلەردە تەتقىقات تېمىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم تەرىپىدۇر.

ئۈچىنچىدىن، ئەنئەنىۋى پەنلەر تەتقىقاتىدا يېڭى تېمىلارنى ئۈزلۈكسىز تۇردە قېزىش. مۇقەددەم تېمىلارنىمۇ دەۋر پۇرىقىغا ئىگە قىلىش كېرەك.

مەسىلەن: ھازىرقى زامان تۇرمۇشنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ بۇ يېڭى تەرەققىياتلارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇشىغا ئەگىشىپ، زامانىمىزدىكى ئىنسانلارنىڭ بىلىم سىستېمىسى ۋە قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بارماقتا. ئەنئەنىۋى پەنلەرنىڭ ئوبيېكتىدا يېڭى ئالاھىدىلىكلىرى پەيدا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەنئەنىۋى پەنلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ بىلىم سىستېمىسىدىكى ئورنى ۋە رولىمۇ ئۆزگەرمەكتە. شۇڭا، ئەنئەنىۋى پەنلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلىش ئوبيېكتىنى، ئورنىنى ۋە رولىنى ئۈزلۈكسىز تۇردە يېڭىباشتىن تونۇپ يېتىپ، ئۆزلىرىنى ئۇقۇم كاتېگورىيىسى ۋە نەزەرىيە سىستېمىسىنى يېڭى ئەھۋال ۋە تەلەپكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى لازىم. مۇقەددەم مەسىلىلەرگە قارىتا زامانىمىزنىڭ تۇرمۇشى ۋە پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ يېڭى تەتقىقات يولى تېپىش، يېڭى ئىزلىنىشلەردە بولۇش؛ يېڭى يىغىنچاقلاش ۋە يەكۈنلەش ئېلىپ بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، تارىخىي ۋە مۇقەددەم مەسىلىلەر تەتقىقاتىدا جانلىق، ئورغۇپ تۇرىدىغان كەيپىيات شەكىللىنىدۇ.

تۆتىنچىدىن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز غەربنىڭ پەن - تېخنىكىسىنى كىرگۈزگەندە، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىزگە بولغان چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدىكى جەۋھەرلەرنى قېزىشىمىز، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى بىلەن ئېلىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئۆز ئارا بىرلەشكەن ھازىرقى زامان جۇڭگو سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

**5. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە مۇھەررىرلەر ئىگىلەشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار**

جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق ئوبيېكتىپ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى باشقا ئىجادىيەتلەر بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. مۇھەررىرلەر ئالدى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى باسقۇچلار ۋە خىسسىيات خۇسۇسىيىتىنى ئىگىلەپ تۇرۇپ ئىشلەش كېرەك.

ئالدى بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت (ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى) جەريانى تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بۇلار ماتېرىيال توپلاش، پىكىر يۈرگۈزۈش، پىلان ياكى تېزىس تۈزۈش، پىلان ياكى تېزىسنى ئەسەرگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

بۇ باسقۇچلارنى مەشھۇر رۇس پسىخولوگى ئا. خ. روكىنىڭ «ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى» دېگەن ئەسىرىدىكى كۆز قاراشلار بويىچە مۇھەررىرلەر مۇنداق ئىگىلەش مۇمكىن:

ماتېرىيال توپلاش — ئىجادىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر. ماكارېنكو تۇرمۇشتىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى تەسۋىرلىگەن ھېكايىسىنىڭ ئىلان قىلىن-

ماي قايتۇرۇۋېتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن قەتئىيلىك بىلەن تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ماتېرىيال توپلىماقچى بولغان. شۇ مەقسەتتە ئۇ باللار تەربىيە يۇرتىدا 13 يىل تەربىيچىلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1935 ـ يىلى 40 ياشقا كىرگەن ماكارېنكو بۇ ماتېرىياللاردىن بىر نەچچە ئاي ئىچىدە رومان يېزىپ چىققان. بۇ رومان مائارىپ تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن مەشھۇر پېداگوگىكا پوئېمىسى «پېداگوگ پوئېمىسى» بولۇپ قالغان. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەررىر ئاپتورلارنىڭ ماتېرىياللارنى مول توپلاشقا ئىلھام بېرىشتىن ئىش باشلاش كېرەك.

پىكىر يۈرگۈزۈش — ئىجادىيەتتىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلىدۇر. ئۇ ھەمىشە ئىلھامدىن ئىبارەت غەيرىي لوگىكىلىق تەپەككۇرغا مۇھتاجدۇر. تولستوي دوستىغا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ مەشھۇر رومانى «ئاننا كارېنىنا» نى يېزىپ چىقىش جەريانىدىكى پىكىر يۈرگۈزۈش باسقۇچى ئۈستىدە توختىلىپ: «... قايغۇ ـ ھەسرەتتە ھېچنېمىنى يازمىدىم، ئازابلىنىپ ئىشلەۋاتىمەن، ئورۇق چاچمىسام بولمايدىغان بۇ ئېتىزلىقنى چوڭقۇر ھەيدەپ يۇمشىتىشتىن ئىبارەت خىزمىتىنىڭ ماڭا نەقەدەر قىيىنغا چۈشكەنلىكىنى سىز زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. دېمەكچىمەنكى، ھەجمى تولىمۇ چوڭ بۇ رومانىم («ئاننا كارېنىنا» نى كۆرسىتىدۇ) نىڭ كەلگۈسىدىكى شەخسلەرنىڭ قانداق سەرگۈزەشتىلەرگە يولۇقىدىغانلىقىدىكى ئېھتىماللىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ ۋە قايتا ـ قايتىلاپ ئويلىنىۋاتىمەن. بۇ ئېھتىماللىقلارنىڭ بىرەرسىنى تاللاپ چىقىش ئۈچۈن مىليونلىغان كەچۈرمىشلەر ئۈستىدە ئويلىنىشنىڭ ئۆزى ھەقىقەتەن ئىنتايىن قىيىن ئىكەن، مېنىڭ ھازىر ئىشلەۋاتقىنىم مانا مۇشۇ ...» دېگەن.

پىلان ياكى تېزىس تۈزۈشتىن ئىبارەت ئۈچىنچى باسقۇچقا مىسال ئالساق، بالزاك «كىشىلىك كومېدىيىسى» دېگەن زور ھەجىملىك پارلاق ئەسەرنى يېزىشنىڭ پىلانىنى تولىمۇ ئەتراپلىق تۈزگەن.

بۇ زور ھەجىملىك ئەسەر 96 رومان، پوۋېست ۋە ھېكايىنى، 2000 دىن ئارتۇق شەخسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ «قائىدە ـ يۇسۇن تەتقىقاتى»، «پەلسەپە تەتقىقاتى» ۋە «تەھلىل تەتقىقاتى» دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن. بۇنىڭ ئاساسىي تېمىسى «قائىدە ـ يۇسۇن تەتقىقاتى» دىن ئىبارەت بولغان. بالزاك قائىدە ـ يۇسۇن قىسمىنىڭ پىلانى ئۈستىدە توختىلىپ: «... بارلىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى ئىنكاس قىلىش مەقسىتىدە ھەر بىر تۇرمۇش مەنزىرىسىنى، ھەر بىر قىياپەتنى، ھەر بىر ئەركەك ۋە خوتۇن ـ قىزنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى، ھەر بىر تۇرمۇش ئۇسۇلىنى، ھەر بىر كەسپتىكىلەرنى، ھەر بىر ئىجتىمائىي ئورۇندىكىلەرنى، فرانسىيىدىكى ھەر بىر ئۆلكىنى ... تەسۋىرلەپ يېزىشىم كېرەك» دېگەن.

تۆتىنچى باسقۇچ، پىلاننى ئەسەرگە ئايلاندۇرۇش، ئەدەبىياتنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ يېزىقچىلىقتىن ئىبارەتتۇر. بۇ باسقۇچ ئەسەرنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشىنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچىدۇر. ھەمدە ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتە جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ دەرىجىسىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇشۇ باسقۇچتا بەلگىلىنىدۇ. «بوۋارى خانىم» ناملىق مەشھۇر ئەسەر بىلەن X I X ئەسىردە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ مۇنبىرىگە چىققان فرانسىيىلىك بۈيۈك يازغۇچى فۇرۇبلەي ئەسەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن يېزىشتا، ئەسەرنىڭ ژانىرىغا ئەھمىيەت بېرىشتە، ئەسەرنىڭ قولىيازمىسىنى زېرىكمەستىن قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىشتە مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى گوركىيغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. فۇروبلەي دوستىغا ئەۋەتكەن خېتىدە بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى بۇ باسقۇچنىڭ تولىمۇ جاپالىق بولىدىغانلى

قى ئۈستىدە توختىلىپ: «بۈگۈن نېمىشقا خاپا بولغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيمەن، بەلكىم رومانىنىڭ سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن، بۇ رومانىنى يېزىپ چىقىشىنىڭ ئۆزى ماڭا تاغنى يۆتكەشتىنمۇ مۈشكۈل چۈشتى. شۇ سەۋەبتىن بەزىدە يىغلىۋەتكۈم كېلىدۇ. ئەسەر يېزىش ئۈچۈن ئادەمدە ئاجايىپ غەيرەت بولمىسا بولمايدىكەن، لېكىن مەن پەقەت ئادەتتىكىدەكلا ئادەممەن. بۈگۈن بېشىم قاتتىق ئاغرىپ، كەيپسىزلىنىپ كەتكەنلىكىمنىڭ تۈپەيلىدىن تۆت سائەت ئىچىدە بىر قۇرنىمۇ يازالمىدىم. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇرۇن يازغانلىرىمدىن 100 جۈملىدەك ئۆچۈرۈپ تاشلىدىم. بۇ خىزمەت ھەقىقەتەن تەس خىزمەت ئىكەن! سەنئەت! ھەي، سەنئەت! سەن زادى جاننى ئالىدىغان جەبرائىلمۇ، نېمىشقا مۇنداقسەن؟» دېگەن.

دەرۋەقە، ئىجادىيەت جەريانىنى يۇقىرىقىدەك تۆت باسقۇچقا بۆلۈش ئۇنىڭ ئاساسىي جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىك بولۇپ، ئىجادىيەت قانۇنىيىتىنى مۇھىمى پسىخولوگىيە دائىرىسىدىن تەتقىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىي ئىجادىيەت جەريانىدا بۇ باسقۇچلار بىر - بىرىدىن ئېنىق ئايرىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ھېسسىياتنى چۆرىدىگەن ھالدا تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، ئوبرازچانلىق. ئومۇمەن ئالغاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ئوبراز يارىتىشتۇر. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ يۇقىرىقى تۆت باسقۇچلۇق ئىجادىيەت جەريانىدىن مەلۇمكى، ئۇ پەن - تېخنىكا ئىجادىيىتى ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىجادىيىتى بىلەن ئوخشاش ئەمەس، چۈنكى، پەن تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىجادىيىتى، ئاساسلىقى لوگىكىلىق تەپەككۇرغا تايىنىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ئاساسلىقى، ئوبرازلىق تەپەككۇرغا تايىنىدۇ.

ئۇنداقتا ئوبراز قانداق بولىدۇ؟ بىر تەرەپتىن، رېئاللىق تۈسىنى ئالىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ كونكرېت مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئوبراز تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ كونكرېت ۋە جانلىق ئىپادىسىدەك تۈس ئالىدۇ - دە، ئۇنى كۆرگۈچىلەر ئۆزىنى رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاينىمىغا كىرىپ قالغاندەك، يارىتىلغان ئوبرازلار بىلەن ھال - مۇڭ بولۇۋاتقاندەك ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بىر شارائىتتا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەكس ئەتتۈرگەن ئەھۋاللار ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ئانالىزى، تاللىشى، ئىش قوشۇپ ئۆزگەرتىشىدىن ئۆتكەنلىكتىن، ئاپتورنىڭ بەلگىلىك نۇقتىئىنەزەرى ۋە پوزىتسىيىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان ئوبرازلار بەلگىلىك ئىدىيىۋى خاھىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، كىتابخان ياكى تاماشىبىنلاردا ئىدىيىۋى تەسىرات ۋە ھېسسىيات ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىككىنچى، ھېسسىياتچانلىق. ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ئوبرازلار ئوخشاش بولمايدۇ. مۇزىكا، رەسىم، نەقىش، ھەيكەل، ھېكايە ۋە شېئىر قاتارلىقلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوبراز يارىتىش ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر نۇقتىدا ئورتاق بولىدۇ. بۇ ئوبرازلارنىڭ ھەممىسىدە ئىجادىيەتچىنىڭ كۈچلۈك ھېسسىياتى بولىدۇ. ئىجادىيەتچى بەلگىلىك ئىدىيە، نۇقتىئىنەزەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا مول تۇرمۇش دېتاللىرىغا ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىنى قوشۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئۇچرايدىغان نۇرغۇن ئوبرازلارنى يارىتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئوبرازلارنىڭ ھەممىسىگە ئىجادىيەتچىنىڭ ھېسسىياتى سىڭىپ كېتىدۇ. دۇرۇس، باشقا ئىجادىيەت تۈرلىرىدىمۇ ھېسسىيات بولىدۇ. لېكىن، ھېسسىياتنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى جەھەتتىن باشقا ئىجادىيەت تۈرلىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ ھېسسىياتى ئاپتورلارنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ئوبرازلارنى كۆرگۈچىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى يۇغۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق بىر ئىدىيە ۋە تىلغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ھال ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدىن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى، يەككىلىك. ئىجادىيەتچىنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى كۆپ ھاللاردا يەككە ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھازىرقى كۈنگىچە ناھايىتى ئاز ساندىكى ئەسەرلەرنى بىر نەچچە كىشى ھەمكارلىشىپ ئىجاد قىلغاندىن باشقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلەر يالغۇز بىر ئادەم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىندى، يەنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئىجادىيەتچىلەرنىڭ غايە، ھېسسىيات، تۇرمۇشنىڭ ئاشكارىلىنىشى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سۇبيېكتىپ خاھىشچانلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇ ھال ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ «يەككە» لىكىنى بەلگىلەيدۇ. ھالبۇكى، بۇ ھال ئىجتىمائىي پەن ئىجادىيىتى بىلەن پەن - تېخنىكا ئىجادىيىتىدىكى «ئۆتكەلدىن ھەمكارلىشىپ بىللە ئۆتۈش» بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ.

ئوخشاش تېما ئوخشاش بولمىغان ئاپتورلارنىڭ قولىدا باشقا - باشقا ئىجادىيەت بولۇپ چىقىدۇ؛ ئوخشاش بولغان بىر تۇرمۇش دېتالىنى ھەر بىر ئاپتور ئۆزگىچە ئۆزلەشتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى رەڭگا - رەڭ گۈل بولۇپ ئېچىلىدۇ. مەسىلەن، رابىيە سەئىدىنىڭ ۋەقەسى ئەخمەت زىيائى قەلىمىدە دىداكتىك داستان بولۇپ چىققان بولسا، مەمتىلى زۇنۇننىڭ قەلىمىدە دراما بولۇپ چىققان.

كىشلەرنىڭ قالاق تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتىشكە، يېڭى ماتېرىيال مەنبەلىرىنى ئېچىشقا، يېڭى تېخنىكى بازارلارنى ئېچىشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشلەر ئات بىلەن چېپىشتىن ماشىنا بىلەن چېپىشقا، ھەتتا تېخى قۇشلاردەك ھاۋادا ئۇچۇشقا قادىر بولۇپ، بەختلىك جەمئىيەت قۇرۇشتا مىسلى كۆرۈلمىگەن ماددىي ئاساسلارغا ئىگە بولىدۇ.

ئىجادىيەتنىڭ يۇقىرىدىكى تۈرلىرىدىن باشقا يەنە شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بىز بايان قىلغان بىر نەچچە تەرەپ بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشنىڭ دائىرىسى قانچىلىك ۋە قانچە تۈرلۈك بولسا، ئىجادىيەتنىڭمۇ دائىرىسى ۋە تۈرلىرى شۇنچىلىك ۋە شۇنچە تۈرلۈك بولىدۇ. مەسىلەن، ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئالىدىغان بولساق، ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خاسلىقىنى بايقاش ۋە بۇ جەھەتتىكى ئىجادىي بۇلاقنى ئېچىش، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە ئىجادىي بولۇشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى توغرا باھالىشى، يەنى ئوخشاشمىغان تەسەۋۋۇر، لايىھە، پىلان، تەكلىپ قاتارلىقلاردىن توغرىسىنى تاللاپ ئېلىشى ۋە ياخشى ئىش قىلىش نىيىتىدىكى ئاقكۆڭۈل كىشلەرنىڭ نامۇۋاپىق لايىھىلىرىگە كەڭ قورساقلىق قىلىشى، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە ئىجادىي بولغان تەشكىلىي تۈزۈملەرنى قوللىنىشى كېرەك. دېمەك، ھەر قانداق بىر ساھەدە ئىجادىي ئىشلىمىسە بولمايدىغان ئىشلار بولىدۇ. شۇڭا، ئىجادىيەت تۈرلىرىنىڭ سانىمۇ كۆپ بولىدۇ. سودا - سانائەت، ئارمىيە، دوختۇرلۇق ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە خاس ئىجادىي پائالىيەتلەر بولىدۇ. شۇڭا، مۇھەررىرلىكتە ئىگىلەشكە تېگىشلىك ئىجادىيەت تۈرلىرىنى پەقەت ۋە پەقەت ھازىرقى سەۋىيىمىزدە يۇقىرىقىدەك تۈرلەر بويىچە بايان قىلىمىز.

— تەھرىر قەيسەر قەييۇم

# ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مىللىي تىل يېزىقنى ئاساس قىلغان نەشرىيات فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش لازىم

مەلىكەم مۇھەممەت

جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك بىر چوڭ ئائىلە ، نۆۋەتتە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش مۇشۇ چوڭ ئائىلىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق نىشانى ، بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دۆلىتىمىزدىكى 50 نەچچە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ پەن - مەدەنىيەت سۈپىتىنى ، سىياسىي ، ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنى ئوخشاش تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك . ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئالاھىدىلىكمۇ ھەقىقىي گەۋدىلەنمەيدۇ ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىمۇ ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس . جۇڭگودەك بىر كۆپ مىللەتلىك دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى يېتەكچى قىلغاندىلا ، ئاندىن زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىغا يەتكىلى بولىدۇ .

مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان كەڭ چېگرا رايونلىرىغا ئولتۇراقلاشقان ، ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ، سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، پەن - مەدەنىيىتى ، مائارىپ ئىشلىرى ، ئۆرۈپ - ئادەتلىرى ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ ، تەرەققىيات قەدىمى بىردەك ئەمەس ، تىل - يېزىقىمۇ ئوخشاشمايدۇ . پارتىيە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، ئۇلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت ، ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، شۇ مىللەتلەر يېزىقىنى ئاساس قىلغان كىتابلارنى نەشر قىلىش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا كىتابلارنى نەشر قىلىش مەمل - يېزىقىدا كىتابلارنى نەشر قىلىش مەملىكىتىمىز نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە نەشرىيات ئىلمىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم بىر تارماق ، بۇنى ئەنە شۇنداق بىر مۇھىم ئورۇنغا كۆتۈرۈش ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە دائىر كىتابلارنى نەشر قىلىش ئالاھىدىلىكى بەلگىلەيدۇ . ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان كىتابلارنى ئۇلارنىڭ تىل - يېزىقىدا نەشر قىلىش ، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىكى جەۋھەرلەرنى قېزىشقا ھەممە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ ، نۇرلاندۇرۇپ ئۆز مىللىتى بىلەن باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئورتاق زامانىۋىلىشىشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ زامانىۋىلىشىش ئۆزگىرىشىگە بىرلەشتۈرۈپ ، يېڭى مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋى پەن - تېخنىكىغا يۈرۈش قىلىشقا ، بۇ يېڭى مەدەنىيەت ۋە زامانىۋى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت تەرەققىيات پەرقىنى تۈگىتىشكە ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىززەت ھۆرمىتىنى ساقلايدىغان ، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان قىلىشقا پايدىلىق .

يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بېرى ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا كىتاب نەشر قىلىش جەھەتتە ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ، كۆپلىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت نەشرىيات خادىملىرىنى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىشتا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى . ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىمۇ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى ۋە ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنى ئۆز مىللىتىگە سىڭدۈرۈپ ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەتتە زامانىۋىلىشىش ۋە پەن - تېخنىكا ئىگىلىشى جەھەتلەردە زور تۆھپىلەرنى قوشماقتا . لېكىن بۇ يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ . ھازىرقى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش يولىغا مېڭىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ، ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى كىتابلارنى كۆپلەپ نەشر قىلىپ ، ھەر قايسى جايلارغا دۇنيانىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكا تەجرىبىلىرىنى ، ئىلغار پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش لازىم . دېھقان - چارۋىچىلارنى ئەمەلىي قوللىنىدىغان پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن قوراللاندۇرغاندىلا ، دۆلىتىمىزدىكى كۆپ سانلىق مىللەت خەنزۇ خەلقى بىلەن ئوخشاش قەدەمدە زامانىۋىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ .

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا كىتابلارنى نەشر قىلىپ ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقانلىق . جۇڭگو مەدەنىيىتى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى . جۇڭگودىكى 50 نەچچە قېرىنداش

مىللەت تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا، ئۆز مىللىتىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى ياراتتى. بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەر بىرى بىر دەستە گۈل بولۇپ، جۇڭگو مەدەنىيىتىدە قاتلاممۇ قاتلام ئەكس ئېتىپ تۇرماقتا. ھەممىسى بىرلىشىپ جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ رەڭگا - رەڭ گۈل باغچىسىنى بەرپا قىلدى، بۇ، جۇڭگونىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت قىياپىتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى بولغاچقا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل يېزىقىدىكى كىتابلارنى نەشر قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئورتاق گۈللەندۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نەشرىيات خىزمىتىنى راۋاجلاندۇرۇش جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقانلىقتۇر.

ئەندى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى كىتابلارنى نەشر قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى توغرىسىدا ئازراق توختىلايلى.

ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى كىتابلارنى نەشر قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بەلگىلەيدۇ. مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى، ئۆرۈپ - ئادىتى، ئىقتىسادىي شەكلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، مىللەتلەرنىڭ بەزى ئادەتلىرىنى ئادەتلىنىپ كەتتى دەپ تاشلاپ قويماي، تۇرمۇش مۇھىتىنى، ئىقتىسادىي شەكلىنى، تۇرمۇش ئادىتىنى، ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنى كۆپ تەرەپلەردىن گىرەلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش كېرەك ھەمدە ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىكلىرىنى دۇنيانىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇپ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئۆزگەرتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ھەر خىل پەنلەر گىرەلەشكەن ئۇنىۋېرسال ئورگان نەشرىياتچىلىق بولمىسا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەت نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلاشتۇرۇش لازىم.

كىتاب كىشىلەرگە مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزگۈچى كۆۋرۈك. مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى كىتابلارنى نەشر قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم!

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىگىلىك بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلارنى ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ يەنىلا ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىنى ئاساس قىلغان پارتىيىنىڭ نەشرىيات فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بېرى، ئىقتىسادنىڭ ئېچىۋېتىش دولقۇنى گەڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا يېتىپ باردى. ئاما ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئىقتىسادنى ئېچىۋېتىشتە مەدەنىيەت بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش، ئىقتىسادىي بايلىق مەنبەسىنى ئېچىشتا ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتمەكتە. شۇنداق ئىكەن، ئەنە شۇ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش نەشرىيات خادىملىرىنىڭ پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا چىقارغان نەشرىيات فاڭجېنىنى قەتئىي، ئۇزۇل - كېسىل ئىجرا قىلىشى، ياخشى كىتابلارنى كۆپلەپ چىقىرىپ ئۇلارنى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاجايىپ مول مەدەنىيەتلىرى چەت ئەللىكلەرنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىماقتا. شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە، ئولتۇرۇۋېلىپ سۆزلەۋەرگەنگە بولمايدۇ. ئويلاشقا، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىپ، ئۆزىمىزگە تايىنىپ، بار ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، نەشرىيات ئىشلىرىدىمۇ سىرتقا ئېچىۋېتىش يولىنى ئىزدىشىمىز لازىم. شىنجاڭ چېگرا رايون بولغاچقا، ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى ياخشى كىتابلارنى نەشر قىلساق چەت ئەللەردە بازار تاپالىشىمىز مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى كىتابلارنى نەشر قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان نەشرىياتلار دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى كىتاب بازارلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت نەشرىياتچىلىقىنى چوقۇم راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇ ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىۋاتقان، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسى كېڭىيىۋاتقان ياخشى ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇن، ئىقتىسادىي قەدىمىنى تېزلىتىشكە ئۇيغۇن.

نەشرىيات خادىملىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، نەشرىياتچىلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەركەزنىڭ ئاخبارات خادىملىرىغا چىقارغان «ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش، چوڭقۇر چۆكۈش، چوڭقۇر چۆكۈش، يەنە چوڭقۇر چۆكۈش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئىدىيە ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، شەخسىي غەرەزنى ئارىلاشتۇرماي، ئامىمنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت نەشرىيات ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇپ، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى دەپ بىلىپ، دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن پۈتۈن ئىنتىمىز بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

# دىيارىمىزنىڭ شېكەرچىلىك تېخنىكىسى

مامۇت قۇربان

ئاتا بوۋىلىرىمىز مۇندىن تەخمىنەن 3000 يىل ئىلگىرى ئارپىدىن ئارپا شېكىرى ئېلىش، كۆك يانتاقتىن يانتاق شېكىرى (تارانجىبىل) ئېلىشقا ماھىر ئىدى①. جەنگو دەۋرىدە يېزىلغان بەزى تارىخى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا شەكەر ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە غەربىي يۇرتتىن ئېلىپ بېرىلغان. ئەجدادلىرىمىز خەن دەۋرىدە ئۆزلىرى ئالغان شېكەرنى توغراق ئوتۇنى داشقىلى (كۆلى) ۋە شىخار (ھازىر ئىشقار دېيىلىدۇ، ئاساسلىق خىمىيۋى تەركىبى ناترىي كاربونات ياكى سودا) ئارقىلىق ئاقارتىپ ۋە تازىلاپ، كىرىستاللاندۇرۇپ، قارسىمان شېكەر ئالغان ۋە شېكەردىن پايدىلىنىپ ھەر خىل تاتلىق يېمەكلىكلەردىن شەنشېكەر، كەمپۈت، پەشمەت، ماتاڭ (بۇ ئادەتتە قىشتا ياسىلىدۇ، گۈرۈچ ۋە ئارپا شېكىرىدىن ئېلىنغان)، ئەدرەك، پەۋە، مەنپىس قاتارلىق كەمپۈت تۈرلىرى ۋە تاتلىق تۇرۇملەرنى ياسىغان. ئۇلار ئۆزلىرى ئىشلىگەن شېكەر ۋە ناۋاتلىرىنى كارۋان يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرق ۋە غەربلەرگىچە ئېلىپ بېرىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھۈنەر سەنئىتىنى دۇنياغا تونۇتقان.

كېيىنكى خەن دەۋرىدە ئۆتكەن جاڭخىڭ② دېگەن كىشىنىڭ «七辨» ناملىق ئەسىرىدە «شېكەر سىرتتىن ئېلىپ كېلىنىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. جاڭخىڭ شېكەرنى يەنە «柘浆» (شېكەر قۇمۇچ قىيامى) دەپمۇ خاتىرىلىگەن بولۇپ، بۇنىمۇ سىرتتىن ئېلىپ كېلىنگەن دەپ يازغان. بەزى تارىخى مەنبەئەلەرگە ئاساسلانغاندا شېكەر ئەڭ دەسلەپ ئىشلەپچىقىرىلغاندا پەقەت دورا ئورنىدىلا ئىشلىتىلگەن ئىكەن. 6 ـ ئەسىردە باغداتتىن ئانچە يىراق بولمىغان شاھپۇر دېگەن شەھەردە پارسلار باشقۇرغان تىبىي ئىنىستىتۇتنىڭ ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن ھىندىستاندىن ئېلىپ كېلىنىدىغان دورا دەرمەكلەر ئىچىدە شېكەرمۇ بولغان. ئۇ شۇ چاغلاردا دورا ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكى، يەنى ئىسسىقتىن بولغان كېسەللەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەنلىكى، غەربىي يۇرتتا مىلادىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا ئاق شېكەر بار بولۇپ، تا

رىم ۋادىسى ئەتراپىدا ياشىغان ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىلا ئارپا ۋە يانتاقتىن شېكەر ئېلىش تېخنىكىسى پىششىق ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق. بۇ ھەقتە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ ساقلىنىپ قالغان:

مىلادىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تۈركىي مىللەتتىن بولغان بىر شېكەر ـ ناۋات سودىگىرى بىلەن پىشىل سودىسى قىلىدىغان بىر ھىندى سودىگەر ئۇزاق سەپەردە ھەمراھ بولۇپ، كەچ كىرگەندە بىر يەردە قونۇپ قاپتۇ، ئەتىسى ناشتىدا ھىندى سودىگەر تۈركىي سودىگەرنىڭ مۇزغا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى خورجۇنىدىن ئېلىپ، چايغا سېلىپ ئىچۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئازراق تېتىپ باققۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. تۈركىي سودىگەر دەرھال ئۇنىڭغا مۇشتەك چوڭلۇقتىكى بىر پارچە ناۋاتنى بېرىپتۇ. ئۇ ناۋاتنى تېتىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئادەم تىلىنى يارغىدەك شېرىن تەمىگە ھەيران بولۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەر پىشىلنىڭ چوڭلىقىدا ناۋات ياساپ بېرەلىسە ئۆزىنىڭ پىشىلىدىن بىرنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. تۈركىي سودىگەر ئۇنىڭغا دەرھال ماقۇل بولۇپ شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا ئوچاق كولاپ شېكەر قايناتىپ، بىر كېچە كۈندۈز دۇملەپ پىشىلنىڭ چوڭلۇقىدا ناۋات ئۇيۇتۇپتۇ، ھىندى سودىگەر ئۇنىڭ كارامىتىدىن ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پىشىلىنى بېرىپتۇ③. گەرچە بۇ بىر رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر، خوتەن، كۇچار، ئىدىقۇت تەرەپلىرىدە ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇندىن تەخمىنەن 3000 يىللار ئىلگىرىلا شېكەر ئىشلەش تېخنىكىسىنى پۇختا بىلىدىغانلىقىنى، قەشقەر، خوتەن، كۇچار ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا شېكەر، ناۋات ياساشنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يېقىنقى زامانلاردىلا تەسادىپىي بارلىققا كېلىپ قالمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بازارلاردا ناۋات ۋە ماتاڭ سودىسى قىلىدىغان ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى شېكەر ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



لەش ۋە ئۇنىڭدىن ناۋاتقا ئوخشاش باشقا قوشۇمچە تاتلىق تۈرۈملەرنى ياساشنى بىلىدۇ. ھالبۇكى ئەينى چاغلاردىلا تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا ياشىغان ئاتا بوۋىلىرىمىز ئارىسىدا شېكەر ئېلىش خېلى ئومۇملاشقان، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر ھۈنەر ـ سەنئەت ھېسابلىناتتى.

قەدىمكى ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ شېكەر ئىشلەش ۋە ئۇنىڭدىن ھەر خىل تاتلىق ـ تۈرۈم يېمەكلىكلەرنى ياسىغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر كارۋان يولى ئارقىلىق تاڭ دۆلىتىگە يەتكەن. نەتىجىدە تاڭ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭ (لىي شىمىن) غەربىي يۇرتتا قار (糖霜) دەك بىر خىل كرىستال ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن، جېنگۇەننىڭ 21 ـ يىلى (مىلادى 617 ـ يىلى) ۋاڭ شۈەنسى قاتارلىق ئەلچىلەرنى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىدۇ. «يېڭى تاڭ نامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»④ دە، تەيزۇڭ شېكەر ئېلىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ شاۋياڭ (ھازىرقى ياڭجۇ) دا ئىشلىگەن شېكەرنىڭ رەڭگى، تەمى غەربىي يۇرت شېكىرىنىڭ رەڭگى تەمىگە يەتمىگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇ يەنە شېكەر ئېلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاڭلىۋالغىنىچە «ئاۋۋال ئېزىپ ئاندىن تىندۇرۇلىدىكەن» دەپ خاتىرىلەپ، شېكەر ئېلىشنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلاتى جەھەتتە ھېچقانداق چۈشەنچە بېرەلمىگەن يەنى بۇنىڭدىن مەلۇمكى ئۇ شېكەر ئېلىش مەشغۇلاتىنى تىل بىلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن خاتىرىلەپ ئالالمىغان ياكى ئاڭلىۋالغىنىچە يېزىپ قويغان. شۇ سەۋەبتىن ھەر قانداق قىلىپمۇ قارا شېكەر شەربىتىنىڭ رەڭگىنى ئاقارتالمىغان. بۇ ھەقتە يەنە «يېڭىدىن تۈزۈلگەن دورا ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى» دېگەن كىتابتا شېكەر ئېلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە توختىلىپ «تاڭ دەۋرىدە ئىشلەنگەن شېكەر ئاۋۋال تەمسىز ۋە كۆرۈمسىز بولۇپ، كېيىنرەك سەل ياخشىلانغان بولسىمۇ، يەنىلا قارامتۇل قىزغۇچ رەڭلىك شەربەت ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. تاڭ دەۋرىنىڭ دالى يىللىرى 766 ـ 779 ـ يىللىرى) ئۇلار شېكەر قومۇچى ۋە قىزىلچا تېرىشنى غەربىي يۇرت تەرەپلەردىن قايتا ئۆگىنىپ كېلىپ ھازىرقى فۇجيەن ئەتراپلىرىدا تېرىغان، بىراق ھۆسۈلى ياخشى بولمىغان ھەمدە ئۇنىڭدىن ئالغان شېكەر يەنىلا قارامتۇل قىزغۇچ رەڭلىك شەربەت بولۇپ، ئۇنى توشۇشنىڭ ناھايىتى ئەپسىزلىكى بەزى خىمىيە تارىخلىرىغا خاتىرىلەنگەن. دېمىسىمۇ 8 ـ ئەسىرلەردە ئاق شېكەر ئېلىش تېخنىكىسىنى بىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزلىرى ئالغان قارا شېكەر شەربىتىنى رەڭسىزلەندۈرۈپ، تازىلاپ، كرىستاللاشتۇرۇپ، ناۋات ئىشلەش تېخنىكىسى تاڭ دۆلىتى ئۈچۈن تېخىمۇ سىرلىق ھۈنەر ھېسابلىناتتى. ھالبۇكى 8 ـ ئەسىرلەردە شېكەر ئىشلەش ۋە ئۇنىڭدىن ناۋات ئېلىش دىيارىمىزدا پىشقان ھۈنەرگە ئايلىنىپلا قالماي بەلكى شېكەر ۋە ناۋاتنىڭ دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىشىدىن ئىستېمال بۇيۇمىغا ئايلانغانلىقى ھەققىدە تارىخى پاكىتلارمۇ بار.

مەھمۇت قەشقىرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن كىتابىدىمۇ بىر نەچچە يەردە شېكەر، ئارپا شېكىرى، يانتاق شېكىرى، بال (ھەسەل) ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەر ھەققىدە ئىزاھات بەرگەن.

ئىتالىيە ساياھەتچىسى ماركوپولو (1254 ـ 1324) «ساياھەت خاتىرىسى» دە فۇجيەننىڭ يۈشى دېگەن يېرىدىكىلەرنىڭ شېكەر ئېلىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ «قۇبلەيخان بۇ رايونلارنى بويسۇندۇرۇشتىن بۇرۇن بۇ يەردە پەقەت قارا شېكەر شەربىتى ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن. ئۇ بۇ رايونلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، سىرتتىن ئادەم تەكلىپ قىلىپ بىر خىل دەرەخنىڭ كۈلى (توغراق ئوتۇنىنىڭ كۈلى، ئاساسلىق تەركىبى ئىشقار ـ ناترىي كاربونات) نى قوشۇپ، ئاندىن شېكەر ئاقارتىپ، تازىلاپ شېكەر ئېلىش تېخنىكىسىنى ئىلگىرىلەشتۈرگەن ئىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك ئىچكىرىدە تاكى 13 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغىچە ئاق شېكەر ئېلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تارىخى مەنبەئەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىچكىرىدە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە شېكەر ئىشلەش ساناىتى بار ـ يوقلىقى توغرىسىدا تولۇق مەلۇمات يوق. بۇ ھەقتە يەنىلا چەتكە بېقىندىغانلىقى بەزى تارىخى مەنبەئەلەرگە خاتىرىلەنگەن. ئۇنداق بولغان ئىكەن شېكەر ئىشلەش ۋە ئۇنىڭدىن ناۋات، باشقا تاتلىق تۈرۈملەرنى ياساشتىن ھەرگىزمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

# 《新疆社科论坛》(维吾尔文版)

新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办

1995年　第四期　　副主编

(总第30期)　　斯拉木江·谢里甫


## 目　录


### 政治理论

对邓小平同志新时期民族问题思想的初探……叶裕昌(1)

邓小平廉政观的三个主要内容……毛民生(8)

### 经济理论与市场经济

减轻经济负担、加快发展速度……吐拉洪·托乎提(11)

保证质量是发展市场经济的关键……苏来曼·尼亚孜(16)

发展少数民族地区经济,关键在于落实中央对少数民族地区的具体政策……阿不都热合曼·巴克(20)

### 木卡姆与现代文学

维吾尔木卡姆的早期形式……阿不都秀库尔、买买提伊明(23)

穆塔里甫的小说创作……艾乃吐拉·库尔班(35)

### 历史、古迹、考古

吐蕃人在于阗的统治……巴哈提亚尔·吐尔逊、买买提明.芒里克(47)

### 科技、文化

关于发展科学技术的几个问题……阿不都艾尼·库尔班(55)

### 写作与新闻出版

编辑加工与写作的关系……斯拉木江·谢里甫(61)

少数民族地区要坚持民文为主的出版方针……玛丽卡·买罕穆德(77)



编　委:阿·热杰甫、阿·热合满、阿·托乎提、赛·禾维尔、谢·伊明、斯·谢里甫

责任编辑:斯·谢里甫、凯·柯尤木

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مۇشتىرىلار دىققىتىگە :

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»نىڭ ئۇيغۇرچىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ئىلمىي ژۇرنال. بۇ — پەلسەپە، مائارىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، تىل، ئەدەبىيات - سەنئەت، پەن - تېخنىكا، دىن ۋە ئەخلاق، باشقۇرۇش ۋە باشقا ئارىلىق پەنلەر بويىچە ئالىم - مۇتەخەسسىس ۋە باشقا ھەۋەسكارلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى، دۇنيا بويىچە بارلىققا كېلىۋاتقان كۆزنى ئاچىدىغان تۈرمۇش ھەم خىزمەتلىرىمىزگە ماياك بولىدىغان كەشپىيات ھەم ئىختىرالارنى ئىخچام تونۇشتۇرۇپ، ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىدىغان يېڭى بىر بىلىم مۇنبىرى. ھەر بىر ئويغاق ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخىمۇ ئەقىللىق، يىراقنى كۆرىدىغان، زامانغا ماس ئادەم بولۇش جاھاننامىسى. بۇ ژۇرنال سىزنى دانايى - دانىشمەن ئالىملار، پىرى — ئۇستازلار، ھەققانىي ئىلىم چولپانلىرى، سەنئەتكارلار، ئۇلۇغ ھەكىم ھەم پەيلاسوپلار بىلەن ئۇلپەتلەشتۈرۈپ، قەدىمىزنى رۇسلاپ زامانىۋى قەدەم بېسىشىڭىزغا ياردەم بېرىدىكەن، ژۇرنىلىمىزنىڭ بىر يىللىق سانلىرىغا 8.00 يۈەندىن يالغۇز بىر سانىغا 2.00 يۈەندىن تۆلەپ مۇشتىرى بولغايسىز.

پۇل ئەۋەتىدىغان ئادرېسى: ئۈرۈمچى «يەنئەن» يولى 46 - قورو.

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئالاقىلاشقۇچى: ليۇسۇچىڭ

《新疆社科论坛》
全国公开发行

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»
مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

---

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللىي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: 1/CN65—1147/C
پوچتا ئارقىلىق مۇشتىرى بولۇش نومۇرى: 137—58
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىسلامجان شېرىپ، قەيسەر قەييۇم
باھاسى: 2.00 يۈەن
ئورنى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 46 - قورو، پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون: 2861273 تېلگرامما: 3027
مۇقاۋىنى ئوبۇلقاسىم ئەمەت لايىھىلىگەن